# پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەسىيىتى

نۇرئىسلام تور بېكىتى
http://nurislam.cn

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئۇستاز ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد تاھۇن خۇددى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەندەك، ھەدىسلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بەردى.

كىرىش سۆز

اللە ئەززە ۋەجەللە بىزلەرنى ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن ئېلىپ كەلگەنلىرىگە بوي سۇنۇشقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول مېڭىشقا بۇيرۇدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىكى سۈننەتلىرى) بىزگە دىنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تەپسىلي تونۇشتا يېتەكچىلىك قىلىدىغان نۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ -مەيلى گەپ- سۆزدە بولسۇن، مەيلى ئىش- ھەرىكەتتە بولسۇن- سۈننەتلىرىدىن سەھەبىلەر ئىسپاتلانغان ھەر بىر سۈننەت، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇچۇق تېكىستلىرى بىلەن رەت قىلىنمىغانلا بولسا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان بىر ھۆججەتتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى سۆزىگە ئوخشاش: «ئايال (نىكاھتا) ئاتا تەرەپ ھامىسى بىلەنمۇ ۋە ئانا تەرەپ ھامىسى بىلەنمۇ جەملەنمەيدۇ». چۈنكى اللە تائالا سۈرە ھەشىردە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى قوبۇل قىلىڭلار ۋە سىلەرنى چەكلىگەندىن چەكلىنىڭلار».

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئېسىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى، شۇنىڭدەك ئۇنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگى ۋاجىپ. بۇ كىتابنىڭ پىكرى مۇشۇ يولدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلغان بىر قەدەم، بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەسىيەتلەرنىڭ ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئومۇمى بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ۋەسىيەتلەر توپلىمىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ھەربىر مۇسۇلمانغا قالدۇرۇشنى لايىق تاپتىم، اللە مەقسەتكە يەتكۈزگۈچىدۇر .

ئەھمەد مۇھەممەد تاھۇن .

تونۇشتۇرۇش

ھەمد - سانا اللە قا مەنسۇپتۇر، اللە نىڭ سەرخىل بەندىلىرىگە ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن « «ئى مۇھەممەد!» سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئەھلىگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دېگەن ۋە يەنە « «ئى ئىنسانلار!» شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز- ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى،

سىلەرنىڭ كۆلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر » دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزگە تىنچ - ئامانلىق يار بولسۇن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىدە بارلىق ياخشىلىققا يېتەكلىگۈچى بارلىق يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە اللە تائالا تەرەپكە (ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن) چاقىرغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ ئىدى.

مانا بۇ، قېرىندىشىمىز شەيخ ھەمزە مۇھەممەد سالىھ ئەجاج مۆئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن ھەدىس كىتابلاردىن تاللىۋالغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەسىيەتلىرىدىن 55 ۋەسىيەتتۇر، ئۇنىڭغا اللە تائالا مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن ياخشى مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلغاي، ھەر بىر كىشى ئۆز ئەمىلىگە يارىشا، ياخشى بولسا ياخشى، يامان بولسا يامان جازا ياكى مۇكاپات ئالغۇچىدۇر. «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار!» سۈرە ئەنئامدا سىلەرگە 10 تۇرلۇك، سۈرە ئىسرادا 12تۇرلۇك ۋە ئالدى كەينىدىن ھېچ قانداق باتىل سوقۇنۇپ كىرەلمەيدىغان ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ماختاشقا سازاۋەر ئۇلۇغ اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىدە كۆپلىگەن ۋەسىيەتلەر قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئوقۇڭلار ۋە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار ۋە ئۇنى ئېنىق چۈشىنىڭلار بىلەن مەھكەم چىشلىۋېلىڭلار (يەنى قۇلىقىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار) كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايىتىنى چىڭ تۇتسا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ ، كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىسە ئۇچۇق زىيان تارتىدۇ.

بىزنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى تەرەپتىن ياخشىلىق ئىگىلىرى بولغانلاردىن ۋە ئۇنىڭ پەزلىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلمايدىغان ۋە ھەمىشە كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرگە ئېرىشىدىغان جەننەت نېسىپ بولغانلاردىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، «پەيغەمبەر بەرگەننى قوبۇل قىلىڭلار ۋە چەكلەنگەندىن چەكلىنىڭلار». اللە تائالا بىزلەرنى ۋە سىلەرنى سۆزنى ئاڭلاپ ئەگىشىدىغانلاردىن قىلدى، تىنچ - ئامانلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرگە يار بولسۇن. جىمى ھەمدە - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە قا مەنسۇپتۇر . كەرەملىك پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتى ئۈمىد قىلغۇچى ئەھمەد ئابدۇل جەۋۋاد

مەدىنە

مۇنەۋۋەر

# كرىش سۆز

ھەمدە ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰە قا مەنسۇپتۇر، اللّٰە نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ، ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا ، بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك: مەن ھەدىس كىتابلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرىگە قىلغان ۋەسىيەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئوقۇدۇم، نەتىجىدە بۇ كىچىككىنە رىسالەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەزى ۋەسىيەتلىرىنى توپلاش نىيىتىگە كەلدىم ھەمدە ئىمام بۇخارىنىڭ (سەھىھۇل بۇخارى) ئىمام مۇسلىمنىڭ (سەھىھۇل مۇسلىم) ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ (سۇنەن ئەبۇداۋۇد ) ھاپىز مۇنزىرىنىڭ (رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش) ئىمام نەۋەۋىنىڭ (سالىھلار گۇلىستانى ) شەيخ مەنسۇر ئەلى ناسىبنىڭ (جامىئۇل ئۇسۇل) ئىبنى دەيبە ئىششەيبانىنىڭ (نەسرۇل ۋۇۋۇسۇل ) ناملىق كىتابلارنىڭ ياردىمىدە 55 ۋەسىيەتنى تاللىۋالدىم. گەرچە بۇ ۋەسىيەتلەر بىر قىسىم ساھابىلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا چېتىلىدۇ. بۇ ۋەسىيەتلەر، بارلىق ئىبادەتنى مۇتلەق اللّٰە تائالاغا ئىخلاس قىلغان ھالدا قىلىشقا، اللّٰە قا شېرىك كەلتۇرمەسلىككە ئۇندەيدۇ ۋە تەھلىلنىڭ پەزىلىتى، اللّٰە تائالاغا سەجدە قىلىشنىڭ، روزا، ناماز ۋە كېچىلىرى نەپلە ـ ناۋاپىلارنى ئوقۇش، ئىلىم تەلەپ قىلىش، سەدىقە تەسبىھلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كەلگەن مەزمۇنلارنى بايان قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىلارغا ئىتائەت قىلىشقا، گۈزەل ئەخلاققا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، قولۇم ـ قوشنىلارنى يوقلاشقا ، ئاچقا تاماق بېرىشكە ۋە پېقىر ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرەشكە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۇندەيدۇ. نەپسى توغرىسىدا كەلگەن بەزى ھەدىسلەرنى زىيادە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. اللّٰە دىن بارلىق ئەمەللىرىمىزنى مەقبۇل قىلىشى ۋە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشنى ۋە بۇ ۋەسىيەتلەرنىڭ بىزلەرگە مەنپەئەت بېرىشنى ، ئەمەل قىلىشنى بىزلىرىمىزگە نېسىپ قىلىشنى تىلەيمەن. اللّٰە تائالا توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر . ئى اللّٰە بىزنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە رەھمى قىلغىن.

ھەمزە مۇھەممەد سالىھ ئەججاج

مەدىنە مۇنەۋۋەر

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## 1 ـ ۋەسسىيەت

## «اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق» دېگەن كەلىمىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! قىيامەت كۈنى سىنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ بەختلىك ئېرىشىدىغىنى كىم؟ دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! مەن سىنىڭ ھەدىسكە نەقەدەر ھېرىس ئىكەنلىكىڭنى بىلگىنىم ئۈچۈن بۇ ھەدىس توغرىلىق سەندىن ئىلگىرى بىرەرسى سورىمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم، قىيامەت كۈنى مىنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ بەختلىك ئېرىشىدىغىنى ، چىن دىلىدىن ياكى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ «اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق» دېگەن كىشى» دېدى .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئۇبادەتىبنى سامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى بىر اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق دەپ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ ۋە يەنە ئەيسا ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە روھى دەپ، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق دەپ گۇۋاھلىق ئېيتسا ئۇ كىشى قانداقلا ئىش قىلغان بولسا بولسۇن، اللە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

شەيخانى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

جۇناد : «سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن قايسىسىدىن كىرىشنى خالىسا شۇ ئىشىكدىن كىرگۈزىدۇ» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان،

بۇخارى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇسلىمنىڭمۇ لەۋزى .

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «كىم اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد

يوق دەپ ۋە مۇھەممەد ئەلەيهسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق ئېيتسا اللە ئۇ كىشىگە دوزاخنى هارام قىلىدۇ» دېيىلگەن .

## 2 ـ ۋەسىيەت

## تەۋھىد توغرىسىدا ئومۇمى ۋەسىيەت

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ كەينىدىلا تۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئى يىگىت! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگۈتۈپ قوياي: «سەن اللە نى ھەمىشە (يادىڭدا چىڭ) ساقلا، اللە مۇ سېنى ساقلايدۇ. سەن اللە نى ھەمىشە (يادىڭدا چىڭ) ساقلا، اللە نى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ اللە دىن سورا، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ اللە دىن تىلە، سەن شۇنى بىلىپ قويغىنكى ، بىرەر قەۋم بىرلىشىپ ساڭا نەپ يەتكۈزمەكچى بولسا، اللە ساڭا تەقدىر قىلغاندىن ئۆزگە بىرەر نەپ يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرلىشىپ ساڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولۇشسىمۇ ، اللە ساڭا تەقدىر قىلغان زىياندىن باشقا بىرەر نەرسە يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرلۈپ، سەھىپىلەر قۇرۇپ كېتىپ بولدى» دېدى .

تىرمىزى رىۋايەت

قىلغان

تىرمىزىنىڭ غەيرىنىڭ رىۋايىتىدە: «سەن اللە نى (ئەس ـ يادىڭدا چىڭ) ساقلا، سەن اللە نى ئالدىڭدا تاپىسەن، سەن كەڭ ـ كۇشادە چاغلاردا اللە نى تونۇغىن ، سەن ئېغىر كۈنگە قالغاندا اللە مۇ سېنى تونۇيدۇ . شۇنى بىلىپ قويغىنكى : ساڭا كەلگەن مۇسىبەت، ئەسلىدە كەلمەيدىغان مۇسىبەت ئەمەس، ساڭا كەلمەيدىغان مۇسىبەتمۇ ھەرگىز كېلىدىغان مۇسىبەت ئەمەس، شۇنى بىلىپ قويغىنكى : غەلىبە سەۋىرچانلىق بىلەن، خۇشاللىق غەم ـ قايغۇ بىلەن، تەسلىك ئاسايىشلىق بىلەن قوشكېزەك » دېيىلگەن .

## 3 ـ ۋەسىيەت

## ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

قۇبەيسە ئىبنى مۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام: «ئى قۇبەيسە ! سېنى نېمە ئىش ئېلىپ كەلدى؟» دېدى ،

مەن: يېشىم چوڭىيىپ، ئۇستىخانلىرىم بوشاپ كەتتى، سىېنىڭ قېشىڭغا اللە مەنپەئەت بېرىدىغان بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىكەن دەپ كەلدىم، دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى قۇبەيسە ! سەن (ئىلىم ئىزلەپ مېڭىپ) بىرەر تاش، بىرەر تۈپ دەرەخ ياكى بىرەر چالمىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپلا قالساڭ شۇ نەرسىلەر سەن ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلەيدۇ، ئى قۇبەيسە ! بامدات نامىزى ئوقۇپ بولغان چېغىڭدا ـ بۈيۈك اللە نى پاك دەپ يات ئېتىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە ـ سانا ئېيتىمەن ـ دېگەن كەلىمىنى ئۈچ قېتىمدىن دېگىن ، ئەما بولۇپ قېلىشتىن، جوزام ۋە پالەچ قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ئامان قالىسەن. ئى قۇبەيسە ! : ئى اللە! مەن سىېنىڭ قېشىڭدىكى نەرسىلەردىن تىلەيمەن، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن كۆپلەپ ئاتا قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنى ياغدۇرغىن ۋە بەركاتىڭنى چۈشۈرگىن دېگىن » دېدى .

ئىمامى ئەھمەت رىۋايەت قىلغان

بۇ ئۇلۇغ ۋەسىيەت ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئىلىم ئىزلەش يولىدا ماڭغان كىشىگە اللە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ قاناتلىرىنى ئۇنىڭ (ئاياق ـ ئاستىغا) سېلىپ بېرىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەتتا سۇدا ياشاۋاتقان بېلىقلارغا قەدەر بارچە جانلىق ئالىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدۇ، ئالىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئابىتقا سېلىشتۇرغاندا، باشقا يۇلتۇزلارغا سېلىشتۇرغاندىكى ئاينىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى، پەيغەمبەرلەر تەڭگە ـ تىللا ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت مىراس قالدۇرغاندۇر، شۇنى ئالالىغان كىشى تولۇق نېسىۋە ئالغان بولىدۇ ».

ئەبۇداۋۇد ، تىرمىزى ، ئىبنى ماجىجە ۋە ئىبنى ھەببانلار رىۋايەت قىلغان

سەفۋان ئىبنى ئۇسساللمۇرادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئۆزىنىڭ قىزىل تونىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلدىم دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى قارشى ئالىمەن، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن ئوراپ

تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇ كىشى تەلەپ قىلغان نەرسىگە مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ئاسمىنىغا يەتكۈچە ئۆز- ئارا بىرىكىپ كېتىدۇ » دېدى .

ئەھمەت، تىبرانى قاتارلىقلار
رىۋايەت قىلغان

## 4 - ۋەسىيەت

## بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمگە ياردەم قىلىش توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى دۈشمىنىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى بىرەر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرسا ، اللّٰه مۇ ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ ، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللّٰه قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى بىرەر مۆئمىندىن دۇنيا قىيىنچىلىقىدىن بىرەر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە ، اللّٰه مۇ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ ، كىم تەس كۈنگە قالغان كىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە اللّٰه مۇ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، اللّٰه مۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە ئۆز قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا اللّٰه شۇ بەندىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ ، كىمكى ئىلىم ئىزلەش يولىدا ماڭسا اللّٰه ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان يولىنى ئاسانلاش تۇرۇپ بېرىدۇ، كىشىلەر اللّٰه نىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر ئۆيدە اللّٰه نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىشىپ ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە ئۈگۈتىشسە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خاتىرجەملىك چۈشۈپ اللّٰه نىڭ رەھمىتى ياغىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشايدۇ ۋە اللّٰه ئۇلارنىڭ (ياخشىلىقلىرىنى) ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قېشىدا سۆزلەيدۇ، كىمنى ئەملى كېچىكتۈرسە ، ئۇنى نەسەبى ئىلگىرلىتەلمەيدۇ ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 5 ـ ۋەسىيەت

## ﷲ تائالاغا سەجدە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مەئدان ئىبنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن رەسۇلۇللانىڭ ئازاد گەردىسى سەۋباننى ئۇچرىتىپ قېلىپ: ماڭا مەن قىلسام ﷲ مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىرەر ئەمەلنى ياكى ﷲ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەلدىن بىرنى ئېيتىپ بەرگىن دېسەم ، ئۇ جىم تۇرۇۋالدى ، يەنە سورىسام يەنە جىم تۇرۇۋالدى ، مەن ئۈچىنچى قېتىم يەنە سورىسام، سەۋبان ئاندىن مۇنداق دېدى : مەن شۇ ئىش توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۆپ سەجدە قىلىشنى قولدىن بەرمە، سەن ﷲ قا بىر قېتىم سەجدە قىلساڭ، ﷲ شۇ ئارقىلىق سىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ» دېگەن .

مۇسلىم، تىرمىزى ، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجىلەر رىۋايەت قىلغان

ئۇبادە ئىبنى سامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندە ﷲ ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلسا، ﷲ شۇ بەندىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، شۇڭا سەجدىنى كۆپ قىلىڭلار».

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ تائالاغا بەندىنىڭ يۈزىنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈشتىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىرەر ھالەت يوق» دېگەن .

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

## 6 ـ ۋەسىيەت

# سەدىقىنىڭ پەزىلىتى توغۇرىسىدا

كەئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى كەئىبنى ئۇجرە ! ھارامدىن ئۆسكەن گۆش، قان جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئۇنىڭغا دوزاخ ئەڭ لايىقدۇر، ئى كەئىبنى ئۇجرە ! ئادەملەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ ، بىر تۈرلىكى ئۆزىنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرسە ، يەنە بىر تۈرلىكى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، ئى كەئىبنى ئۇجرە ! ناماز (اللّٰه قا) يېقىنلاشتۇردىغان ئەمەل، روزا بولسا (دوزاخقا) قالقان، سەدىقە بولسا (يامغۇر چاڭ ـ توزانلىرنى ئېقتتۇەتسە ) مۈز ئەسلىدىكى پارقىراق ھالىتىگە قايتقاندەك خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ (سەدىقە قىلغۇچىنى پاكلايدۇ)» دېدى .

ئىبنى ھەييان رىۋايەت قىلغان

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىرگە بولدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىنى ياخشىلىق دەرۋازىلىرىغا باشلاپ قويايمۇ؟ دېدى » مەن: بولسا شۇنداق قىلغىن ئى اللّٰه نىڭ ئەلچىسى! دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا (دوزاخقا) قالقاندۇر، سەدىقە خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى .

ترمىزى

رىۋايەت قىلغان

تىبرانى ۋە بەيھەقىنىڭ كەبىردە رىۋايەت قىلىشچە، ئۇ مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەدىقە ئۆز ئەھلىدىن قەبرىنىڭ دەپتىنى ئۆچۈرىدۇ، مۆئمىن قىيامەت كۈنى پەقەت ئۆز سەدىقىسىنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ » دېدى .

مەيمۇنە بىنتى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: ئى اللّٰه نىڭ ئەلچىسى! بىزگە سەدىقە توغرىلىق بىر نەرسە دەپ بەرگەن بولساڭ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەدىقە اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان كىشىگە دوزاختىن پەردە بولىدۇ » دېدى .

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

## 7 ـ ۋەسىيەت

## چاشكا نامىزىنىڭ ۋە ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : «ماڭا دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى ۋە چاشكا نامىزى ئوقۇشنى، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى».

بەش ھەدىس شۇناس رىۋايەت قىلغان

ئىبنى خۇزەيمىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن : ماڭا دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى تەۋسىيە قىلدى، مەن ئۇنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيمەن : «1 ـ ۋىتىر نامىزى ئوقۇماي ئۇخلىماسلىق، 2 ـ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى بولغان چاشكا نامىزى ئوقۇشنى تاشلىماسلىق ، 3 ـ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش».

ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقانلىق يىل بويى روزا تۇتقانغا تەڭ» دېگەن .

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «سىلەرنىڭ ھەر بىر بوغۇملىرىڭلارغا بىردىن سەدىقە ۋاجىپ بولۇپ تاڭ ئاتىدۇ، ھەر بىر تەسبىھ، ھەر بىر ھەمدە، ھەر بىر تەھلىل، ھەر بىر تەكبىر سەدىقە دۇر ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش يامانلىقتىن توسۇشمۇ سەدىقە، چاشكا نامىزى ئوقۇش بولسا (كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك ) سەدىقىگە يېتەرلىك ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ئۇ يىل

بويىى روزا تۇتقان بولىدۇ » دېدى . ئاندىن الله تائالا بۇ پىكىرنى تەستىقلاپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا: «كىمكى بىر ياخشى ئىش قىلسا، بىر ياخشىلىقنىڭ ئون ئوخشىشى» بولىدۇ ، دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، دېمەك : بىر كۈن روزا تۇتقانلىق 10كۈن روزا تۇتقانغا تەڭ.

ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روزا توغرىلىق سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى قولدىن بەرمە» دېدى .

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويىى روزا تۇتقانغا تەڭ، ئاق كۈنلەر بولسا (ھەر ئاينىڭ) 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرىدۇر».

نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 8 ـ ۋەسىيەت

## تەسبىھ نامىزى توغرىسىدا

ئەكرەمە ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاببباس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپكە: «ئى ئاببباس!، ئى تاغا! ئەجەبا مەن ساڭا (ياخشى ئىشلارنى ئېيتىپ) بەرمەمدىمەن ، ئەجەبا مەن ساڭا نەپ يەتكۈزمەمدىمەن ، ئەجەبا مەن سىنى ياخشى كۆرمەمدىمەن؟ مەن ساڭا مۇنداق ئون تۈرلۈك خىسلەتنى ئېيتىپ بېرەي ، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزلەشتۈرسەڭ الله سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ، كونا ـ يېڭى، سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ۋە قەستەن قىلىپ تاشلىغان چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئۇ ئون تۈرلۈك خىسلەت بولسا: سەن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن، ھەر بىر رەكئەتتە سۈرە پاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇپ قىرائەتنى تاماملىغاندا قىيامدا تۇرغان ھالىتىڭدە سبحان الله والحمد لله ولا إلـه إلا الله والله أكبـر دىگەن كەلىمىنى 15قېتىم دەيسەن، ئاندىن رۇكۇ

قىلىسەن ۋە رۇكۇدا تۇرۇپ يەنە شۇ كەلىمىنى ئون قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن سەجدىگە باش قويىسەندە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرسەندە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن كېيىن يەنە سەجدىگە باش قويۇپ 10 قېتىم دەيسەن، ئاندىن سەجدىدىن باش كۆتۈرسەن ـ دە يەنە 10 قېتىم دەيسەن، ئەنە ئاشۇ ھەر بىر رەكئەت نامازدا 75 قېتىم تەكرارلانغان بولىدۇ ، سەن تۆت رەكئەت نامازنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق قىل. سەن ئەگەر قادىر بۇلالىساڭ بۇ نامازنى كۈندە بىر ئوقۇغىن، ئەگەر كۈندە بىر ئوقۇشقا قادىر بۇلالمىساڭ ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بۇلالمىساڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ ئۆمرۈڭدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇغىن» دېدى .

ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان

(بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ (ئىشەنچلىك) لىگى توغرىلىق بىر بۆلۈك ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن ، شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىر بۆلەكلىرى بۇ نامازنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن )

## 9 ـ ۋەسىيەت

## اللہ دىن تىنچ ـ ئامانلىق تىلەڭلار دېگەن توغرىسىدا

ئەبۇ فەزلىل ئاباس ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! ماڭا اللہ دىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۈگۈتۈپ قويغىن دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «اللہ دىن تىنچ ـ ئامانلىق تىلە» دېدى . مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ : ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى! ماڭا اللہ دىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۈگۈتۈپ قويغىن دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ماڭا: «ئى ئاباس! ئى رەسۇلىللانىڭ تاغىسى! اللہ دىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى تىلىگىن» دېدى .

تىرمىزى رىۋايەت قىلغىن

تۆۋەندە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن قالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىگە تەلىم بەرگەن بىر قىسىم دۇئالارنى تونۇشتۇرىمىز .

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىرەر سورۇندىن تۇرغان چاغدا بۇ دۇئانى

ئوقۇتتى: «ئى الله! بىزگە، سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشتىن توسىدىغان قورقۇنۇچ ئاتا قىلغىن، بىزنى سېنىڭ جەننىتىڭگە ئېلىپ كىرىدىغان ۋە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، جېنىمىزنى ئامان- ئىسەنلا قىلىدىكەنسەن بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمان قىلغىن، پۈتۈن ھاياتىمىزدا بىزنى شۇلاردىن ئايرىمىغىن، بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالالايدىغان قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنى جەھەتتىن قىلمىغىن، دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە ئىلمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەملەرنى گۇناھىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن».

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ئېغىر كۈنلەردە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش خۇرسەن قىلىدىغان كىشى كەڭ- كۇشادە چاغلاردا كۆپ دۇئا قىلسۇن».

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! سەندىن ھىدايەت، تەقۋالىق، تىنچ- ئامانلىق ۋە بايلىق تىلەيمەن».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تارىق ئىبنى ئەشيەملى ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇۋېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتتى ئاندىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇشقا بۇيرۇدى: «ئى الله! مىنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمى قىلغىن، مىنى ھىدايەت قىلغىن، خاتىرجەم قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغىن.

مۇسلىمنىڭ تارىقتىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىسىدە: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن پەرۋەردىگارىمدىن بىرەر نەرسە سورىغاندا نىمە دەيمەن؟ دېگەن، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مىنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھمى قىلغىن، مىنى تىنچ - ئامان قىلغىن ۋە ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن، دېگىن ، بۇ دۇئا سەن ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرىتىڭنى جەملەپ بېرىدۇ» دېگەن .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى بولغان دىنىمنى ۋە مېنىڭ ياشاش ئورنۇم بولغان دۇنيا يىمنى ، مېنىڭ قايتىش ئورنۇم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلىپ بەرگىن ۋە ماڭا ھەر قانداق بىر رەزىللىكتىن ئۆلۈمنى راھەت قىلىپ بەرگىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان .

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن دۇئا قىلدى، بىز ئۇنىڭ دۇئاسىدىن ھېچنەرسىنى ئېسىمىزدە تۇتۇۋالالماي : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سەن كۆپ دۇئا قىلدىڭ، بىز ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئېسىمىزدە تۇتۇۋالالمىدۇق ، دېدۇق . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئەشۇ دۇئالارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سىلەر: ئى الله! مەن سەندىن پەيغەمبىرىڭ سورىغان ياخشىلىقنى سورايمەن ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاناھلىق تىلىگەن نەرسىلەردىن پاناھلىق تىلەيمەن، سەن ياردەم بەرگۈچى ۋە ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزگۈچى سەن، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قابىلىيەت پەقەت الله بىلەن دۇر» دەڭلار.

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان .

## 10 - ۋەسىيەت

## روزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى ، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرىساڭ ، دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقىن، شۈبھىسىزكى روزىنىڭ (ئىبادەت ئىچىدە) تەڭدىشى يوق» دېدى ، مەن يەنە: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرۇغىن دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقىن، شۈبھىسىزكى (ئىبادەت ئىچىدە) روزىنىڭ

تەگدىشى يوق» دېدى . مەن يەنە ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرۇغىن دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقىن، شۇبھىسىزكى ، روزا مىسلىسىز (ئۇلۇغ ئەمەل )» دېدى .

نەسەئى ۋە ئىبنى هۇزەيفە رىۋايەت قىلغان

نەسەئىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى، ماڭا الله مەنپەئەت بېرىدىغان بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا بۇيرۇغىن دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقىن، شۇبھىسىزكى روزا مىسلىسىز ئەمەلدۇر» دېدى .

ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن : مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا، مىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان بىرەر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويساڭ؟ دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقىن، شۇبھىسىزكى روزا مىسلىسىز ئەمەلدۇر» دېدى . ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دېدى ، (شۇنىڭدىن ئىتىۋارەن ) ئەبۇ ئۇمامەنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالمىسىلا ئۆيدە كۈندۈزى ئوت قالانمىدى .

قىنى تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئويلۇنۇپ باقايلى:

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، الله ئۇنىڭ شۇ بىركۈنلۈك روزىسى بىلەن ئۇنى دوزاختىن **70**يىللىق يىراقلاشتۇرىدۇ ».

بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئىلەر رىۋايەت قىلغان

## 11 ـ ۋەسىيەت

## الله قا تەۋبە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەغەررەبىنى يەسارىل مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىنسانلار! الله قا تەۋبە قىلىڭلار ۋە الله دىن كەچۈرۈم سوراڭلار ، مەن بىر كۈندە **100** قېتىم تەۋبە قىلىمەن» دېدى .

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «اللّٰه بىلەن قەسەمكى مەن بىر كۈندە 70 قېتىمدىن كۆپراق اللّٰه دىن كەچۇرۇم سورايمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن» .
بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى، ھەمزىنىڭ ئاتىسى ئەنەس ئىبنى مالىكىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه ئۆز بەندىسىنىڭ تەۋبىسى بىلەن بىرەرسىڭلارنىڭ چۆلدە يۈتتۈرۈۋەتكەن تۆگىسىنى تېپىۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقىدىن بەكرەك خۇشاللىنىدۇ » دېدى .
بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «اللّٰه قا ئۆز بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلغان چاغدىكى بولدىغان خۇشاللىقى ، بىرەرسىڭلارنىڭ چۆلدە كېتىۋېتىپ ئۇلىغىنى ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىلەن قوشۇپ يۈتتۈرۈۋەتكەن ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ دەرەخ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ كەتكەن ئاندىن تۇيۇقسىز يېنىدا پەيدا بولغان ئۇلىغىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ قاتتىق خۇشال بولغانلىقتىن (ئۆزىنى تۇتالماي) ئى اللّٰه سەن مىنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ دېگەن ناتوغرا كەلىمىنى دەپ تاشلىغان چاغدىكى خۇشاللىقىدىن قاتتىقراقتۇر» دېيىلگەن .

ئەبۇ مۇسا ئابدۇللا ئىبنى قەيىسىل ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «اللّٰه تائالا تاكى قۇياش غەربتىن چىققانغا قەدەر كېچىسى ، كۈندۈزى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تۆبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى ، كېچىسى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇپ تۇرىدۇ».
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 12 ـ ۋەسىيەت

## ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى توغرىسىدا

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇمۇنداق دېدى : مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم، بىز كېتىۋېتىپ بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالدىم ـ دە ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، دوزاختىن يىراق قىلىدىغان بىرەر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسەڭ؟ دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن تولىمۇ چوڭ ئىش توغرىلىق سورىدىڭ ، شۈبھىسىزكى ئۇ الله تائالا ئاسان قىلغان كىشىگە ئاسان، الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىل، ناماز ئوقۇغىن، زاكات بەرگىن، روزا تۇتقىن ۋە بەيتۇللانى ھەج ـ تاۋاپ قىلغىن» دېدى ، ئاندىن كېيىن يەنە: «مەن سىنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە باشلاپ قويايمۇ؟» دېدى ، مەن: بولىدۇ ، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا قالقاندۇر، سەدىقە خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، كىشىنىڭ كېچىنىڭ تەڭ يېرىمىدا تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزىمۇ (ھەم شۇنداق) دەپ الله تائالانىڭ : «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ ، (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)» دېگەن ئايىتىنى «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېگەن يەرگىچە تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن كېيىن : «مەن ساڭا ئىشلارنىڭ بېشىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى، ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟» دېدى . مەن: بولىدۇ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلامدىكى ئىشلارنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى ناماز، يۇقىرى پەللىسى جىھاد» دەپ بولۇپ ، يەنە: «ئەمدى ساڭا شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟» دېدى ، مەن: بولىدۇ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى يىغ دەپ تىلىنى كۆرسەتتى»، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! بىز سۆزلەپ تاشلىغانلىرىمىز دىنمۇ ھېساب بېرەمدۇق ؟ دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەي ئۆلگۈر، ئادەملەر دوزاختا يۈزلىرى بىلەن ئەمەس پەقەتلا تىللىرىنىڭ ھوسۇلى سەۋەبلىك يىقىلىدۇ» دېدى .

ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى ئىبنى ماجەجەلەر رىۋايەت قىلغان

## 13 ـ ۋەسىيەت

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : بىر ئادەم رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ : ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دېدى ، ئۇ ئادەم: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دېدى ، ئۇ ئادەم: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ» دېدى ، ئۇ ئادەم: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئاتاڭ» دېدى .

شەيخانى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئۇ ئادەم: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مەن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ، ئاندىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن كېيىن يەنە ئاناڭ، ئاندىن كېيىن ئاتاڭ، ئاندىن كېيىن يېقىنلىرىڭ ، ئاندىن كېيىن (ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان) يېقىنلىرىڭ» دېدى .

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى ياشىنىپ قالغان ئاندىن كېيىن ئۇنى جەننەتكە ئەكىرەلمىگەن (ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولۇشنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن) ئادەم خۇۋلۇق كۆرمىسۇن، خۇۋلۇق كۆرمىسۇن، خۇۋلۇق كۆرمىسۇن» دېگەن .

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 14 ـ ۋەسىيەت

## نامازغا كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ  ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كۈنى ناماز توغرىلىق سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى نامازغا كۆڭۈل بۆلسە ناماز ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولىدۇ ، كىمكى نامازغا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇنداق ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نە نۇر، نە ھۆججەت، نە نىجاتلىق بولمايدۇ، ۋە ئۇ

قىيامەت كۈنى قارۇن ، پىرئەۋن، هامان ۋە ئۇبەييە ئىبنى خەلەپلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ ».

ئەهمەد رىۋايەت قىلغان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : «ناماز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىسرا كېچىسى 50 ۋاخ پەرز قىلىندى، ئاندىن كېيىن كېمەيتىلىپ ئاخىرى بەش ۋاقىتقا قالدۇرۇلدى، ئاندىن كېيىن ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئالدىمدا قىلىنىپ بولۇنغان سۆز ئالماشتۇرۇلمايدۇ ، ساڭا پەرز قىلىنغان بۇ بەش ۋاخ ناماز 50 ۋاخ نامازغا تەڭ دەپ نىدا قىلىندى».

ئەبۇ داۋۇد دىن باشقا بەش ھەدىس شۇناس رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «اللە تائالا : مەن سېنىڭ ئۈممىتىڭگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدىم ۋە ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەمنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلدىم، نامازغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەمگە ئۇنداق ۋەدەم يوق» دېدى .

ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان

ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر بىرەر سىڭلارنىڭ ئىشىك ئالدىدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بولسا ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟» دېگەندە ، ساھابىلەر: ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچ ئەسەر قالمايدۇ دېيىشتى ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەنە شۇ اللە تائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى» دېدى .

ئەبۇداۋۇد دىن باشقا بەش ھەدىس شۇناس رىۋايەت قىلغان

ئەمىر ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدىم ئۇ تاھارەت سۈيى ئەكەلدۈرۈپ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان : «مۇسۇلمان ئادەم ۋاقتى كىرىپ قالغان پەرز نامازنى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ خۇشۇئلىرىغا ۋە رۇكۇلىرىغا رىئايە قىلىپ ئوقۇسا، گۇناھى كەبىرلەر بىلەن شۇغۇللانمىغانلا بولسا شۇ نامازنى ئوقۇشنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن يىل بويى كاپارەت بولىدۇ ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا خۇددى كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ ، كىمكى بامدات نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا پۈتۈن بىر كېچىنى ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ ».
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئىككى سالقىننى (يەنى بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامازنى) ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى .
بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

## 15 ـ ۋەسىيەت

## گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا

ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوق، اللە تائالا سەت، تېتىقسىزلىقنى ئۆچ كۆرىدۇ » دېدى .
ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ياخشىلار ئۆز ئەھلى ئائىلىلىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلاردۇر».
ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنىڭلار ۋە

ئەڭ سۆيۈملۈك تۈيلىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار ، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يىراق تۇردىغىنىڭلار ۋە ماڭا ئەڭ ئۆچ كۆرىلىدىغىنىڭلار ، تولا گەپ قىلىدىغان ۋە كوت ـ كوتلىرىڭلار ۋە ھاكاۋۇرلىرىڭلار » دېدى .

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 16 ـ ۋەسىيەت

## ھەر نامازدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان كەلىمىلەر توغرىسىدا

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى مۇئاز !: اللە بىلەن قەسەمكى مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن » مۇئاز ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! اللە بىلەن قەسەمكى مەنمۇ سىنى ياخشى كۆرىمەن دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز ! مەن ساڭا ھەر نامازنىڭ كەينىدە : «ئى اللە ! ماڭا سىنى ياد ئېتىشىمگە ساڭا شۈكرى ئېيتىشىمگە ۋە ساڭا ياخشى ئىبادەت قىلىشىمغە ياردەم بېرىشىڭنى سورايمەن» دېگەن كەلىمىنى تاشلىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېدى .

ئەبۇداۋۇد نەسەئى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇقكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن سۇبھەنەللا 33، ئەلھەمدۇلىللاھ 33 ۋە ئاللاھۇ ئەكبەرنى 33 قېتىمدىن دىسە ئەنە شۇ 99 بولىدۇ ، ئاندىن كېيىن (اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، ئۇ يەككە ـ يېگانە دۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقدۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدە ـ سانا ئۇنىڭغا مەنسۇپ دۇر ۋە ئۇ اللە ھەممىگە قادىردۇر) دېگەن كەلىمە ئوقۇلسا دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك گۇناھى بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن كېيىن تۆۋەندىكى بىر قانچە كەلىمە دۇئا بىلەن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى: «ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن».

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئۇممۇل مۇئمىنىن جۇۋەيرە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز بامدات ئوقۇغاندا ئۇنىڭ قېشىدىن ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى، جۇۋەيرە بولسا ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرىدە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشكا ۋاقتىدىن كېيىن قايتىپ كەلسە ئۇ يەنە شۇ پېتى ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «مەن قېشىڭدىن ئايرىلغاندىن بېرى مۇشۇنداق ئولتۇردۇڭمۇ؟» دېدى . جۇۋەيرە : ھەئە دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «مەن سېنىڭ قېشىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۆت كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم دېدىم ، ئەگەر مىنىڭ دېگەنلىرىم بىلەن سېنىڭ پۈتۈن بىركۈن دېگەنلىرىڭ تارازىغا سېلىنىپ ئۆلچەنسە ئەلۋەتتە مىنىڭ دېگەنلىرىم ئېشىپ كېتىدۇ ، مەن دېگەن ئۇ كەلىمە: «بۈيۈك الله نى، مەخلۇقاتلارنىڭ سانىچە ۋە ئۇ (الله) رازى بولغۇچە ۋە ئۇ (الله نىڭ) ئەرشىسىنىڭ ۋەزنىچە ۋە (الله نىڭ) كەلىملىرىنىڭ سىياھىچە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە پاك دەپ يات ئېتىمەن .»

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 17 ـ ۋەسىيەت

## زىكرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر كىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ئىسلامىيەتنىڭ تۈزۈملىرى كۆپ يەتكۈزۈلدى ماڭا ئوبدان ئۆزلەشتۈردىغان بىرەر نەرسە ئېيتىپ بەرسەڭ؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭ ھەرقاچان الله نىڭ زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن» دېدى .

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مۇھاجىرلارنىڭ قايىسىنىڭ (ئېرىشىدىغان ) ئەجرى ئەڭ چوڭ؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلغانلىرىنىڭ ئەجرى ئەڭ چوڭ» دېدى . ئۇ كىشى: سالىھلارنىڭ قايىسىنىڭ ئېرىشىدىغان ئەجرى ئەڭ چوڭ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالانى ئەڭ كۆپ زىكرى قىلغانلىرىنىڭ» دېدى . ئاندىن ئەبۇبەكرى ئۆمەرگە : ئى ئەبا ھەفسە تامامى ياخشىلىقنى اللە نى زىكىر قىلغۇچىلار ئېلىپ كەتتى، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ھەئە ، شۇنداق بولدى» دېدى .
ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 18 ـ ۋەسىيەت

## دىلنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقى توغرىسىدا

زەيدۇل خەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! اللە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدىغان كىشىدىكى اللە نىڭ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى نېمە ؟ ۋە اللە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمايدىغان كىشىدىكى ئالامەتچۇ ؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى زەيد! قانداقراق تاڭ ئاتقۇزدۇڭ ؟» دېدى . مەن: ياخشى ئىشلارنى ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرۈپ (تاڭ ئاتقۇزدۇم ) ئەگەر شۇ ياخشى ئىشنى قىلىشقا قۇربىم يەتسە قىلىشقا ئالدىرىدىم ، ئەگەر قىلالماي قالسام ئۇنىڭغا قايغۇردۇم ۋە قىلىشقا ئىشتىياق باغلىدىم، دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ اللە (ياخشىلىقنى) ئىرادە قىلىدىغان كىشىدىكى اللە نىڭ (ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىنىڭ ) ئالامىتى، ئەگەر ساڭا (ياخشىلىقنىڭ) غەيرى ئىرادە قىلىنغان بولسا سىنى شۇنىڭغا تەييارلايتتى» دېدى .
رەزىن رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن: 1 ـ ھايا قىلىش، 2 ـ ئەتىر ئىشلىتىش، 3 ـ نىكاھلىنىش، 4 ـ مىسۋاك قىلىش».
تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ياخشىڭلار بىلەن يامانلىرىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ قويايمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ساھابە كىراملار : بولىدۇ ، دېيىشتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ياخشىلىقدىن ئۈمىد كۈتكىلى ، يامانلىقدىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدىغان كىشى سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ، ياخشىلىقدىن ئۈمىد كۈتكىلى ، يامانلىقدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان كىشى سىلەرنىڭ يامانلىرىڭلار ». دېدى .
تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئادەملەرنىڭ قايسىسى ياخشى دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئىش ئەمىلى ياخشى بولغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئادەملەرنىڭ ئەسكىسچۇ ؟ دېيىلگەندە . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئۆمرى ئۇزۇن ۋە ئىش ئەمىلى ئوسال بولغان كىشى» دېدى .
تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 19 ـ ۋەسىيەت

## گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تەرك ئېتىش ۋە اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە زىكىر ئېيتىشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا

ئۇممە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ماڭا (بىرەر ئىشنى) تەۋسىيە قىلغىن دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تەرك ئەتكىن، ھىجرەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى شۇ، پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا كۆكۈل بۆلگەن ، جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى شۇ، اللە نى كۆپ زىكىر قىلغىن، اللە نى كۆپ زىكىر قىلىشتىنمۇ اللە قا سۆيۈملۈكراق بىرەر ئىش قىلالمايسەن».
تىبرانى رىۋايەت قىلغان

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى توپلىشىپ ئولتۇرغان سورۇنغا چىقىپ: «نېمە ئىش بىلەن ئولتۇرۇشتۇڭلار ؟» دېدى . ئۇلار: اللە نى زىكىر قىلىپ ۋە اللە نىڭ بىزلەرنى ئىسلامىيەتكە يېتەكلىگەنلىكىگە ۋە ئىسلامىيەتنى بىزلەرگە ئىنئام قىلغانلىقىغا ھەمدە ـ سانا ئېيتىپ ئولتۇردۇق دېيىشتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇڭلارمۇ؟» دېدى . ساھابىلەر بىز پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئولتۇرۇشتۇق دېيىشتى .

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن سىلەرگە تۆھمەت قىلىپ، قەسەم قىلىپ بېرىڭلار دەۋاتقىنىم يوق، بىراق قېشىمغا جىبرىئىل كېلىپ الله تائالانىڭ سىلەر بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى» دېدى .

مۇسلىم تىرمىزى ۋە نەسەئىلار رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن : «الله تائالا : مېنىڭ بەندەم مېنى ئۆزىگە قانداق ئويلىسا مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن ، ماڭا ئۇ زىكرى ئېيتسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن ، ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپى زىكىر ئېيتسا مەن ئۇنىڭغا مەخپى ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا جامائەت بار يەردە زىكىر ئېيتسا مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشى جامائە بار يەردە ساۋاب بېرىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىرگەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن دەيدۇ.»

بۇخارى مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 20 - ۋەسىيەت

## ناماز بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : بىر ئادەم: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنى الله ماڭا مەنپەئەت بېرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويغىن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى قولدىن بەرمە ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ياخشىلىق بار دېدى ».

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشى». دېگەن

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «مەن ئۈچۈن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيادىكى جىمى نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكراق » دېيىلگەن .

مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 21 ـ ۋەسىيەت

## نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىماسلىق توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئوغلۇم! نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتىن ساقلانغىن شۇبھىسىزكى، نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش ھالاكەتتۇر» دېدى .

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «بەندە نامازغا تۇرسا ـ مەن ئۇنى مۇنداق دېدىمكىن دەيمەن ـ رەھمان تائالانىڭ ئالدىدا تۇرغان بولىدۇ ، ئاندىن ئۇياق ـ بۇياققا قارىسا الله تائالا : كىمگە قارايسەن؟ مەندىن ياخشىراق كىم بار؟ ئى ئادەم بالىسى! ماڭا قارا مەن سەن قارىغان كىشىدىن ياخشىراق دەيدۇ».

بەزار رىۋايەت قىلغان

## 22 ـ ۋەسىيەت

## ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ يەمەنگە مېڭىش ئالدىدا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا (قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى)تەۋسىيە قىلغىن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنىڭغا ئىخلاس قىلغىن، ساڭا ئازغىنا ئەمەلمۇ كۇپايە قىلىدۇ دېدى »

ھاكىم رىۋايەت قىلغان

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىخلاسمەنلەرگە خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئۇلار ھىدايەتنىڭ چىراغلىرى ، ئۇلار ئارقىلىق زۇلمەتنىڭ ھەرقانداق پىتنىلىرى ئاخىرلىشىدۇ!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

بەيهەقى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «اللە تائالا پەقەتلا خالىس قىلىنغان، پەقەتلا ئۆز رازىلىقى تەلەپ قىلىنغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ».

ئەبۇ داۋۇد نەسەئىلەر رىۋايەت قىلغان

## 23 ـ ۋەسىيەت

## اللە تائالاغا بىرەر ھاجىتى بار كىشىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمنىڭ اللە قا ياكى ئادەم باللىرىدىن بىرەرسىگە ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، تاھارەتنى ئوبدان ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن كېيىن اللە قا سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتسۇن، ئاندىن كېيىن اللە دىن باشقا ھەققى مەبۇد يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر ، بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، اللە بارچە ئەيىب نۇقساندىن پاكتۇر. ھەمدە ـ سانا ئەلەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە قا مەنسۇپتۇر، ئى اللە! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى مەغپىرىتىڭگە نائىل قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەرقانداق گۇناھدىن ساقلىنىشىڭنى پۈتۈن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرشىڭنى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن، ئى اللە! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ بەرگىن، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشىمگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرقانداق ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرگىن، ئى شەپقەتلىك تولىمۇ كۆيۈمچان اللە! دېسۇن».

تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان

ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە: «ئى ناھايىتى شەپقەتلىك تولىمۇ كۆيۈمچان اللە!» دېگەن كەلىمىدىن كېيىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدىن خالىغىنىنى سورايدۇ ئۇ اللە تەقدىر قىلىدۇ دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان .

ھاجەت نامىزى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسى توغرىسىدا

ئوسمان ئىبنى ھەنىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر ئەما ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كۆزۈمنىڭ ئېچىلىشىنى تىلەپ الله قا دۇئا قىلغىن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۈچۈن دۇئا قىلامدىمەن دېدى ؟» ئۇ كىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! كۆزۈمنىڭ ئەما بولۇپ قالغانلىقى ماڭا بەك ئېغىر كەلدى دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بارغىن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن ئاندىن كېيىن ئى الله! مەن رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋەبلىك ساڭا يۈزلىنىپ كۆزۈمنىڭ ئېچىلىشىنى سورايمەن، ئى الله! ئۇنىڭغا مەن توغرىلىق شاپائەت قىلىشقا ۋە ئۆز- ئۆزۈمگە شاپائەت قىلىشقا ئىزنى قىلغىن دېگىن » دېدى ، ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك قىلىپ) قايتتى الله ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەن ئىدى.

(بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا بولغان)
تېرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 24 ـ ۋەسىيەت

## دىلىنىڭ ئاپەتلىرى توغرىسىدا

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە قىيامەت كۈنى الله تائالا قاراپمۇ قويمايدۇ ۋە ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلاپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارغا ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئازاب بار» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! (ئۇنداق بولسا) ئۇلار تۈگىشىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ، ئۇلار كىملەر؟ دېسەم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ئىشتىنىنى (ھەددىدىن) زىيادە ئۇزۇن كىيگۈچىلەر ، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلغۇچىلار ۋە مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ساتقۇچىلار» دېدى .
بۇخارىدىن باشقا بەش ھەدىس شۇناس رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ بەرزەتىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «مىنىڭ سىلەرگە قارىتا ئەڭ كۆپ ئەندىشە قىلىدىغىنىم، قورسىقىڭلار ۋە ئەۋرىتىڭلارنىڭ تەلىپىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە پىتنىلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشى »
رەزىن رىۋايەت قىلغان

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، زۇلۇم بولسا قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتى، بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، بېخىللىق بولسا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ئۆز ئارا، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە مەجبۇرلاپ ھالاك قىلغان ۋە ئۇلارنى، ئۇلارغا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال ساناشقا ئېلىپ بارغان»
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

جۇندەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى باشقىلارنىڭ ئەيىب نۇقسانلىرىنى خەلق ئالدىغا ئاڭلاتسا اللە مۇ ئۇنىڭ (ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى) ئاڭلىتىدۇ، كىمكى (باشقىلارنىڭ يېپىقشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى) كۆرسەتسە اللە مۇ ئۇنىڭ يېپىقشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى خەلقى ئالدىغا كۆرسىتىدۇ» دېگەن .
شەيخانى رىۋايەت قىلغان

## 25 ـ ۋەسىيەت

## اللە تائالانىڭ نامى بىلەن تىلەش توغرىسىدا

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە بىر نۇسخىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىم اللە نىڭ نامى بىلەن پاناھلىق تىلىسە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىڭلار ، كىم اللە نىڭ نامى بىلەن بىرەر نەرسە تىلىسە ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىڭلار ، كىم سىلەرنى چاقىرسا ئىجابەت قىلىپ بېرىڭلار، كىم سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق قىلسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگۈدەك بىرەر مۇكاپات تاپالمىساڭلار ئۇنىڭ ھەققىدە مۇكاپاتلىدىم دېگەن قاراشقا كەلگۈچە دۇئا قىلىڭلار»
ئەبۇداۋۇد نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

اللە نى ئارىسىغا سېلىپ تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

رىفائەنىڭ ئازاد گەردىسى ئەبۇ ئۇبەيدە رافئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «الله نى ئارىغا سېلىپ تۇرۇپ بىرەر نەرسە تىلىگەن كىشى لەنەت گەردى ئادەمدۇر. الله نى ئارىغا سېلىپ تۇرۇپ بىرەر نەرسە تىلىسە بەرمىگەن كىشىمۇ ئوخشاشلا لەنەت گەردى ئادەمدۇر»

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

## 26 ـ ۋەسىيەت

## سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله تائالا مۇنداق دېدى : مەن نامازنى، مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنى بار،» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭ يېرىمى مەن ئۈچۈن، يېرىمى بەندەم ئۈچۈن، بەندەم «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن » دېسە. الله تائالا : ماڭا مىنىڭ بەندەم ھەمدە ئېيتتى دەيدۇ. «ئەرراھمانىر رەھىم» دېسە. الله تائالا : بەندەم مىنى ئۇلۇغلىدى، دەيدۇ. بەندە: «ئىيياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكە نەستەئىن » دېسە. الله تائالا : بۇ بەندەم بىلەن مىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ( مۇناسىۋەت ) بەندەمگە تىلىگىنىنى بېرىمەن دەيدۇ. بەندە «ئىھدىنەسسىراتەل مۇستەقىم ، سىراتەللەزىنە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززالىن ئامىن!» دېسە. الله تائالا : مانا بۇ بەندەم ئۈچۈن، بەندەم ئۈچۈن تىلىگىنىنى بىرىمەن، دەيدۇ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ سەئىدىل مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن مەسجىددە ناماز ئوقۇۋاتسام ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنى چاقىرىپ قالدى، مەن جاۋاب بەرمىدى، (نامىزىمنى تۈگۈتىپ بولغاندىن كېيىن ) ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ: «الله تائالا سىلەرنى الله نىڭ پەيغەمبىرى چاقىرسا جاۋاب بېرىڭلار ، دېمىدىمۇ ؟» دېدى . ئاندىن كېيىن يەنە: «مەن ساڭا مەسجىددىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۈگۈتۈپ قوياي» دېدى ـ دە. قولۇمنى تۇتتى، بىز مەسجىددىن چىقىپ كەتمەكچى بولىۋىدۇق ، مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سەن ماڭا قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۈگۈتۈپ قويىمەن، دېگەن ئىدىڭ؟ دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَلْحمد لِلّهِ

رب الْعالَمِين» بۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن بۈيۈك قۇرئاندۇر». دېدى .

بۇخارى ئەبۇداۋۇت ، نەسەئى ۋە ئىبنى ماججە رىۋايەت قىلغان

## 27 ـ ۋەسىيەت

## قۇرئان كەرىمدىكى بىرقىسىم سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بىركىشىگە: «ئى پالانى! ئۆيلەندىڭمۇ ؟» دېدى . ئۇ كىشى: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى تېخى ئۆيلەنمىدىم ۋە ئۆيلىنىشكىمۇ قۇربىم يەتمەيدۇ، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن (قُـلْ هـو الله أحد )نى بىلەمسەن؟» دېدى . ئۇ كىشى: بىلىمەن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈچتىن بىرى» دېدى . يەنە :«إِذَا جـاء نَـصر اللـهِ والْفَـتْحُ» نى بىلەمسەن؟» دېدى . ئۇ كىشى: بىلىمەن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تۆتتىن بىرى» دېدى . ئاندىن: «سەن «قُلْ يا أَيها الْكَافِـرونَ» نى بىلەمسەن؟» دېدى . ئۇ كىشى: بىلىمەن، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تۆتتىن بىرى» دېدى . ئاندىن كېيىن يەنە: «سەن «إِذَا زلْـزلَتِ الْـأَرض زلْـزالَها» نى بىلەمسەن؟» دېدى . ئۇ كىشى: بىلىمەن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تۆتدەن بىرى، (سەن بايكەنسەن ) ئۆيلەن، ئۆيلەن» دېدى .

ترمىزى رىۋايەت قىلغان

سۈرە ئىخلاس، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى ۋە ئايەتەل كۇرسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مۇئاز ئىبنى ئەنەسىل جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى «قُلْ هو الله أَحد» نى ئاخىرغىچە ئوقۇسا اللە تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئوردا بىنا قىلىدۇ» دېدى . ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (بۇ گەپنى ئاڭلاپ ) ئۇنداق بولسا كۆپ ئوقۇيمىز، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە تېخىمۇ كۆپ،

تېخىمۇ ياخشى (ئۇردا ـ قەسىرلەرنى) بىنا قىلىدۇ» دېدى .
ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا سۈرە بەقەرنى، ماڭا ئەرشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدىن بەرگەن ئىككى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، سىلەر ئۇنى ئۆگىنىڭلار ۋە ئاياللىرىڭلارغا ۋە باللىرىڭلارغا ئۆگىتىڭلار ، شۈبھىسىزكى ئۇ رەھمەتتۇر ، قۇرئاندۇر ۋە دۇئادۇر» دېدى .
ھاكىم رىۋايەت قىلغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى قوشۇنغا (قوماندان قىلىپ) ئەۋەتتى، ئۇ ھەمراھلىرىغا ناماز ئوقۇپ بېرەتتى ۋە نامازنى (قُـلْ هو الله أحد) بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى، ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىشتى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراڭلار» دېدى . ئۇلار سورىغاندا، ئۇ: چۈنكى ئۇ؛ رەھمان تائالانىڭ سۈپىتى، مەن ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن ، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار ، اللە مۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ » دېدى .
بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ زاكاتنى ساقلاشقا ۋەكىل قىلدى، قېشىمغا بىرسى كېلىپ يېمەكلىكتىن ئوچۇملاپ ئۇسۇۋېلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ : سىنى رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن دېسەم ، ئۇ: مەن تولىمۇ ھاجەتمەن مىنىڭ بالا ـ چاقام بار، مەن (يېمەكلىككە ) تولىمۇ ئېھتىياجلىق دېدى . مەن ئۇنى قويۇۋېتىپ ئەتتىگەنلىدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! ئاخشام قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟» دېدى . مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە بالا ـ چاقىسىنىڭ تولىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇدى . رەھىم كېلىپ ئۇنى قويۇۋەتتىم ، دېدىم . ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن قويۇۋەتكەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ ، دېدى . مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى يەنە كۆزەتتىم ، دېگەندەك ئۇ يەنە كېلىپ

يېمەكلىكتىن ئوچۇملاپ ئۇسۇشقا باشلىدى، مەن (ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ): مەن سىنى رەسۇلىللانىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن دېسەم ، ئۇ: مىنى قويۇۋەت ، مەن بىر موھتاج ۋە مىنىڭ بالا - چاقام بار، مەن سەندىن پاناھ تىلەيمەن، دېدى . مىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمىم كېلىپ قويۇۋەتتىم . ئەتىسىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇھۇرەيرە! ئاخشام قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرىڭ نىمە قىلدى؟» دېدى . مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە بالا - چاقىسىنىڭ تولىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، رەھمىم كېلىپ قويۇۋەتتىم دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سەن تۇتۇۋالغان ئەسىرگە كەلسەك، ئۇ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ » دېدى . مەن ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە كۆزەتتىم ، ئۇ يەنە كېلىپ يېمەكلىكتىن ئوچۇملاپ ئۇسۇشقا باشلىدى، مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، سىنى رەسۇلىللانىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم، بۇ ئاخىرقىسى، سەن قايتا كەلمەيمەن دەپ، يەنە كەپسەن دېسەم . ئۇ: مىنى قويۇۋەت مەن ساڭا اللە مەنپەئەت بېرىدىغان بىرقانچە كەلىمە ئۈگىتىپ قوياي دېدى . مەن: ئۇ نىمە دېدىم ؟ ئۇ: ئەگەر سەن (ئۇخلاش ئۈچۈن) كۆرپەڭگە جايلاشساڭ ئايەتەل كۇرسىنى ئوقۇغىن ، سىنى اللە تەرىپىدىن بىر مۇھاپىزەتچى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ساڭا تاڭ ئاتقۇچە شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ دېدى . مەن ئۇنى قويۇۋېتىپ ئەتىسىگەنلىدىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئاخشام قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرىڭ نىمە ئىش قىلدى؟» دېدى . مەن: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۇ مەن ساڭا اللە مەنپەئەت بېرىدىغان بىر قانچە كەلىمە ئۈگىتىپ قوياي (مىنى قويۇۋەت ) دېۋىدى . قويۇۋەتتىم ، دېسەم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ئۈگىتىپ قويغان كەلىملەر نىمە ئىكەن؟» دېدى . مەن: ئۇ ماڭا كۆرپەڭگە جايلاشساڭ ، ئايەتەل كۇرسىنى باشتىن ئاخىرى ئوقۇغىن ، سىنى اللە تەرەپتىن بىر مۇھاپىزەتچى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە ساڭا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ ، دېدى ، دېسەم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يالغانچى (بۇ قېتىم) راست ئېيتىپتۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە ئۈچ كۈندىن بېرى ساڭا يالقۇرغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ دېدى . مەن: بىلمىدىم دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ شەيتان» دېدى .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئۇبەيىيە ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇلارنىڭ خورما قۇرىتىدىغان بىر خامىنى بار ئىكەن، ئۇنى پات - پات يوقلاپ تۇرغانلىقتىن (خاماندىكى) خورمىنىڭ كەملەپ كىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇبەيىيە ئىبنى كەئەبنىڭ

ئاتىسى بىر كېچىسى خامانىنى چارلاپتۇ ، تۇيۇقسىز بالاغەتكە يەتكەن بىر يىگىتنىڭ سۈرىتىدە بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپتۇ . ئۇبەيىيە ئىبنى كەئەبنىڭ ئاتىسى مۇنداق دېگەن : ئۇ سالام قىلدى مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب سالام قايتۇردۇم. ئاندىن مەن: سەن كىم؟ جىنمۇ ياكى ئادەممۇ؟ دېسەم . ئۇ: جىن دېدى . مەن ئۇنىڭغا: ماڭا قولۇڭنى بەر دېسەم ، (ئۇ قولىنى بەردى) ئۇنىڭ قولى ئىتنىڭ قولىغا، تۈكلىرى ئىتنىڭ تۈكلىرىگە ئوخشايدىكەن ئاندىن مەن: مانا بۇ جىن دېگەن مەخلۇق دېسەم ، ئۇ: جىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە مەندىنمۇ يامانراق بىرىنىڭ يوقلىقىنى بىلدى دېدى . مەن: سىنى مۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى دېسەم ؟ ئۇ: ماڭا سېنىڭ سەدىقەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يەتكەن، شۇڭا سېنىڭ يېمەكلىكىڭگە تېگىش قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېدى . مەن: بىزنى سىلەردىن نېمە ئازاد قىلالايدۇ؟ دېدىم . ئۇ: بۇ ئايەت يەنى «ئايەتەل كۇرسى » دېدى . ئۇبەيىيە ئىبنى كەئەبنىڭ ئاتىسى مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم دېدى . ئاتام ئەتىسى ئەتىگەندە رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى، رەسۇلۇللا : «ئۇ نىجىس راست ئېيتىپتۇ» دېدى .

ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

ئىخلاس ۋە مۇئەۋۋەزەتەيىن سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مۇئاز ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۇ: بىز يامغۇرلۇق ۋە قاتتىق قاراڭغۇ كېچىدە رەسۇلۇللانى بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرسىكەن دەپ ئىزلەپ چىقىپ ئۇنى تاپتۇق، رەسۇلۇللا : «ئېيتقىن » دېدى . مەن ھېچنەرسە دېمىدىم . رەسۇلۇللا : «ئېيتقىن » دېدى . مەن ھېچنەرسە دېمىدىم . ئاندىن كېيىن يەنە : «ئېيتقىن» دېدى . مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نېمىنى ئېيتىمەن؟ دېدىم . ئۇ: «قُلْ هو الله أَحد، ۋە مۇئاۋۋەزەيىتەيىن (سۈرىلىرىنى) ئەتتىگەن كەچتە ئۈچ قېتىمدىن ئېيت (ئوقۇ) سېنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىڭغا كۇبايە قىلىدۇ» دېدى .

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۈگۈن كېچە ماڭا چۈشكەن ئايەتلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئايەتلەردۇر. ئۇلار بولسا «قُـلْ أَعوذُ بِرب الْفَلَق» ۋە «قُلْ أَعوذُ بِرب الناس » دۇر »

دېگەن .

مۇسلىم، تىرمىزى ، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان

يەنە شۇ، ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە كېتىۋاتاتتىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇقبە ! مەن ساڭا ياخشى سۈرىدىن ئىككىنى ئۆگۈتۈپ قوياي دەپ « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ » ۋە « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ » سۈرىلىرىنى ئۆگۈتۈپ قويدى».

ئەبۇ داۋۇدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئۇ مۇنداق دېدى : بىر چاغلاردا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جۇھفە بىلە ئەبۋائ دېگەن جاينىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتاتتىم ، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران ۋە قاراڭغۇلۇق باستى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ » ۋە « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ» سۈرىلىرىنى ئوقۇپ پاناھلىق تىلەشكە باشلىدى ۋە ئى ئۇقبە سەنمۇ بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ پاناھ تىلىگىن، بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشى بىلەن بىرەرسى پاناھ تىلەپ باقمىدى» دېدى . ئۇقبە مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ئىمام بولۇپ شۇ ئىككى سۈرە بىلەن ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جابىر! ئوقۇ» دېدى . مەن: ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن نېمە ئوقۇيمەن؟ دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ» ۋە « قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ» (سۈرىسىنى ) ئوقۇ» دېدى . مەن ئۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغىن، بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىزمۇ ئوقۇيالمايسەن » دېدى .

نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

## 28 ـ ۋەسىيەت

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئەھيا قىلىش توغرىسىدا

ئەمىر ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىلال ئىبنى ھارىسقا: «بىلىۋال، ئى

بىلال!» دېدى . بىلال: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! نېمىنى بىلىۋالىمەن؟ دېدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىپ قويغىنكى ، كىمكى مەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن (يەنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن) بىرەر سۈننىتىمنى ئەھيا قىلسا، ئۇ كىشىگە، شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ ، ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ. كىمكى (ئىبادەت نامى بىلەن) بىدئەت ئىشتىن بىرنى پەيدا قىلسا الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا، شۇ بىدئەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ ، ئۇنىڭغا بولىدىغان گۇناھ باشقا ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتمەيدۇ .» دېدى .

ترمىزى ۋە ئىبنى ماجىجە رىۋايەت قىلغان

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «مىنىڭ ئۈممىتىم بۇزۇلغاندا (يەنى مىنىڭ سۈننەتلىرىمنى تەرك ئەتىشكەندە ) مىنىڭ سۈننىتىمنى چىڭ تۇتقان كىشىگە **100** شەھەرنىڭ ئەجرى بولىدۇ ».

بەيھەقى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەھى ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «ئۇنداق ئادەمگە شەھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ » دېگەن .

## 29 ـ ۋەسىيەت

## دۇنياغا بېرىلمەسلىك توغرىسىدا

ئەبۇل ئابباس سەھلە ئىبنى سەئىدىسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مىنى قىلسام الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئادەملەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنياغا بېرىلمە ، الله سىنى ياخشى كۆرىدۇ ، كىشىلەرنىڭ نەرسىسىگە كۆز سالما، ئادەملەر سىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى .

ئىبنى ماجىجە رىۋايەت قىلغان

## ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ تۇرغاندا ئۇنىڭ بىقىنىدا ئىز قالغان ئىدى، بىز: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ساڭا بىر پارچە سېلىنچا تەييارلاپ بەرگەن بولساقمۇ بوپتىكەن، دېدۇق . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن دۇنيادا پەقەتلا دەرەخ ئاستىدا سايىداپ كېتىپ قالىدىغان يولۇچىغا ئوخشايمەن» دېدى .
ترمىزى رىۋايەت قىلغان

تۆۋەندىكى ھەدىس بىزنى قانائەتچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەھسىنىل ئەنسارىل خۇتەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى، ئۆز ـ ئائىلىسىدىن، مال ـ مۈلكىدىن خاتىرجەم، تېنى ساغلام، شۇ كۈنلۈك ئوزۇق ـ تۈلۈكى تەل ھالەتتە ئەتتىگەنلەنسە ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ئۆزىنىڭ تولۇقى بىلەن نېسىپ بولغان بولىدۇ » (يەنى توققۇزى تەل بولىدۇ )
ترمىزى رىۋايەت قىلغان

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ : ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ماڭا قىسقىغىنا بىر تەۋسىيە قىلغىن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتمە ، تەمەخورلۇقتىن ساقلانغىن، شۈبھىسىزكى تەمە خورلۇق دېگەن كەمبەغەللىكنىڭ نەق ئۆزى شۇ، ۋە (قىلىپ بولۇپ ) ئۆزرە ئېيتىدىغان ئىشتىن ساقلانغىن» دېدى .
ھاكىم ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «دۇنيادا غېرىبتەك ياكى مۇساپىردەك بولغىن» دېدى . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «كەچلىسەڭ تاڭ ئېتىشنى كۈتمە ، ئەتتىگەنلىسەڭ كەچ بولۇشنى كۈتمە ۋە ساق ۋاقتىڭدا كېسەللىك ئۈچۈن، ھايات ۋاقتىڭدا ئۆلۈمڭ

ئۇچۇن (تەييارلىق) كۆرۈپ قوي».
بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 30 ـ ۋەسىيەت

## دوزاختىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

ھارىس ئىبنى مۇسلىممىتتەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇمۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بامدات نامىزى ئوقۇپ بولساڭ، گەپ ـ سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى: ئى ئاللاھ! مىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن، دەپ يەتتە قېتىم دېگىن، ئەگەر سەن شۇ كۈنى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، ئاللاھ ساڭا دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنى پۈتتۈپتىدۇ، شام نامىزى ئوقۇپ بولساڭ، گەپ ـ سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى: ئى ئاللاھ مىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغىن، دەپ يەتتە قېتىم دېگىن، ئەگەر سەن شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ، ئاللاھ ساڭا دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشنى پۈتتۈپتىدۇ» دېدى.
نەسەئى رىۋايەت قىلغان

## 31 ـ ۋەسىيەت

## جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغان كىشىلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئەئرابى (بەدەۋى) كېلىپ: ئى ئاللاھ نىڭ ئەلچىسى! مىنى، مەن قىلسام‌لا جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان ئەمەلگە باشلاپ قويغىن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغىن، پەرز قىلىنغان نامازنى ئوقۇغىن، پەرز قىلىنغان زاكاتنى بەرگىن ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتقىن» دېدى. ھېلىقى ئەئرابى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ۋە كەملەتمەيمەن، دېدى ـ دە كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنى، ئەھلى جەننەتتىن بىرەر كىشىگە قاراش خۇرسەن قىلسا مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن» دېدى.
بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 32 ـ ۋەسىيەت
## ئىستىخارە نامىزى توغرىسىدا

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەممە ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە سېلىشنى خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ مۇنداق دەيتتى: «بىرەرسىڭلار بىر ئىشتا ئىككىلىنىپ قالسا پەرز نامازدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن كېيىن مۇنداق دىسۇن: ئى الله بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىغىنى ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، ماڭا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن، سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن، سەن ھەممە غەيىپلەرنى بىلگۈچى سەن، ئەگەر سەن بۇ (ھاجىتىنى تىلغا ئالىدۇ) بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مىنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرىلىك دەپ بىلسەڭ، (مەن ئۈچۈن خەيرىلىك بولىدىغان بولسا) بۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن، ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئاندىن كېيىن ماڭا ئۇنى بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن، ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مىنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق دەپ بىلسەڭ، (مەن ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغان بولسا) ئۇنى مەندىن، مىنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، ياخشىلىق قەيەردە بولمىسۇن، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن، شۇ ئارقىلىق مىنى مەمنۇن قىلغىن».

بۇخارى ئەبۇداۋۇد تىرمىزى نەسەئى ئىبنى ماجىجە لەر رىۋايەت قىلغان

### ئىستىخارە نامىزىنىڭ پايدىلىرى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «الله تائالاغا ئىستىخار سالىدىغان كىشى ئادەم باللىرىنىڭ بەختلىكلىرىدىندۇر ».

ئىمامى ئەھمەد، ئەبۇيەئلا ۋە ھاكىم لەر رىۋايەت قىلغان

يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله غا ئىستىخار سېلىشنى تەرك ئەتكەن كىشى ئادەم باللىرىنىڭ بەختسىزلىرىدۇر » دېيىلگەن .

## 33 ـ ۋەسىيەت

## اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن غەم ـ ئەندىشىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئەسبە هانىنىڭ ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئى ئەلى! مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ ئەگەر بېشىڭغا بىرەر غەم ـ ئەندىشە چۈشسە، شۇ دۇئا بىلەن اللّٰه قا ئىلتىجا قىلساڭ، سەن ئۈچۈن ئىجابەت قىلىنىدۇ، سېنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىڭ اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ : تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، اللّٰه قا ھەمدە ـ سانا پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتقىن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن، مۆئمىن ئەر، مۆئمىن ئاياللار ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىن، ئاندىن: ‹‹ئى اللّٰه سەن بەندىلىرىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلغان ئىشلاردا ھۆكۈم قىلىسەن، تولىمۇ بۈيۈك، تولىمۇ ھەلىم ، اللّٰه دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، يەتتە (قات) ئاسمانىنىڭ، بۈيۈك ئەرشىنىڭ ئىگىسى بولغان اللّٰه (بارلىق ئەيىب نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، جىمى ھەمدە ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه قا مەنسۇپتۇر. ئى غەم ـ ئەندىشىلەرنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ! بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلغۇچى! دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە رەھمى قىلغۇچى اللّٰه! ماڭا مۇشۇ ھاجىتىمنى راۋا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن، ئۆزگىلەرنىڭ شەپقىتىدىن بىھاجەت قىلغۇچىدەك دەرىجىدە رەھىم قىلغىن». دېگىن

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «قېشىمغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر قانچە دۇئا ئېلىپ كېلىپ ، ئەگەر ساڭا دۇنيانىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئالدى بىلەن شۇ دۇئالارنى ئوقۇغىن، ئاندىن كېيىن : ئى ئاسمان زېمىننى ياراتقان، ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئىگىسى! ئى دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى! ئى ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلار مەدەتكارى! ئى ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان (رەببىم) ! ئى ئالەملەرنىڭ ئىلاھى! ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى سەن ئۇنى راۋا قىلىشنى ئوبدان بىلىسەن دەپ ھاجەتلىرىڭنى سورىغىن،» دېدى .

ئەسباھانى رىۋايەت قىلغان

## 34 ـ ۋەسىيەت

## سەجدىنى كۆپ قىلىش سىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ دېگەنلىك

## توغرىسىدا

سۇپا ئەھلىدىن بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ رەبىئەتىل ئىبنى كەئەبىل ئەسلەمى رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇنىڭ تەرەت سۈيىنى ئەكېلىپ بېرەتتىم ۋە باشقا ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەتتىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماڭا ‹‹مەندىن سورايدىغىنىڭ بولسا سورىغىن›› دېدى . مەن: سەن بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشنى سورايمەن، دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(سورايدىغىنىڭ ) پەقەت شۇلىمۇ ؟» دېدى . مەن: پەقەت شۇلا ، دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دېمەكچى بولغىنىم سەجدىنى كۆپ قىل» دېدى .

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى ئەبۇ ئابدۇراھمان سۆبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سەجدىنى كۆپ قىلغىن، ئەگەر سەن الله قا بىر قېتىم سەجدە قىلساڭ، الله شۇ قىلغان بىر قېتىملىق سەجدەڭ بىلەن دەرىجەڭنى ئۆستۈرۈپ گۇناھىڭنى ئۆچۈرىدۇ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ھەر كېچىدە بىر سائەت بار، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ الله تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىغىنى سورىشى، شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە شۇنى بېرىدۇ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

تىبرانى ئۆزىنىڭ كەبىر دېگەن كىتابىدا، ئەبۇ مالىكىل ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كېچىسى ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇپ ، ئاندىن ئايالىنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ بولسىمۇ ئويغۇتۇپ ئۆز ئۆيىدە بىرەر سائەت الله نى يات ئىتىشسە ھەر ئىككىسىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ ».

مۇغەيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپانلىرى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇدى، ئۇنىڭغا الله تائالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن (تۇرسا، نېمانچە قىلىسەن) دېيىلگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈكرى ئېيتىدىغان بەندە بولمايمەنمۇ؟» دېگەن .
بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى كېچىلىرى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى ۋە قىزىقتۇردى ، ھەتتاكى: «كېچىدە بىرەر رەكئەت بولسىمۇ ناماز ئوقۇڭلار» دېدى .
تىبرانى رىۋايەت قىلغان

## 35 ـ ۋەسىيەت

## ئاچقا تاماق بېرىش ، سالامنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېچىلىرى ناماز ئوقۇش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىنى كۆرسەم دىلىم يايراپ، كۆزلىرىم شادلىنىپ كېتىدۇ ، ماڭا ئومۇمى نەرسىلەر توغرىلىق خەۋەر بەرگىن دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممە نەرسە سۇدىن يارىتىلدى» دېدى . مەن: ماڭا قىلسام جەننەتكە كىرىدىغان بىرەر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرگىن دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاچقا تاماق بەرگىن، سالامنى كەڭ ئومۇملاشتۇرغىن ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن ۋە كېچىلىرى ئادەملەر ئۇخلاپ قالغاندا ناماز ئوقۇغىن، جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىسەن» دېدى .
ئەھمەد، ئىبنى ئەبىد دۇنيا ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ مالىكىل ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «جەننەتتە ئىچىدىن سىرتىنى كۆرگىلى بولىدىغان ، سىرتىدىن ئىچىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ھۇجرا بار، الله تائالا ئۇ ھۇجرىنى ، ئاچقا تاماق بەرگەن، سالامنى كەڭ ئومۇملاشتۇرغان ۋە كېچىلىرى ئادەملەر ئۇخلاپ قالغاندا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىلارغا

تەييارلىدى».
ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

## 36 ـ ۋەسىيەت

## قۇلۇم ـ قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئى ئەبۇزەر شورپا قىلساڭ سۈيىنى كۆپراق قىل ۋە قوشناڭنى يوقلا».
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : ماڭا دوستۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «شورپا قىلساڭ سۈيىنى كۆپراق قىل ۋە قوشناڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ ئۇلارغا شورپاڭدىن قائىدە بويىچە سۇنۇپ بەرگىن» دەپ تەۋسىيە قىلدى.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ، قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن، كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن، كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى (سۆزلەرنى) دېسۇن ياكى جىم تۇرسۇن».
شەيخانى رىۋايەت قىلغان

## 37 ـ ۋەسىيەت

## مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈش توغرىسىدا

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : ماڭا دوستۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك ئىشنى تەۋسىيە قىلدى:
1 ـ مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلارغا يېقىن تۇرۇش.
2 ـ ئۇزۈمدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا ئەمەس، تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا قاراش.

3 ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ماڭا يىرىكلىك قىلغاندىمۇ، سىلە ـ رەھىم قىلىش.
4 ـ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدار پەقەت الله بىلەندۇر، دېگەن كەلىمىنى كۆپ دېيىش .
5 ـ ئاچچىق بولسىمۇ ھەق سۆزلەش.
6 ـ الله (نى رازى قىلىش) توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىگە پىسەنت قىلماسلىق.
7 ـ ئادەملەردىن ھېچ نەرسە سورىماسلىق.

## 38 ـ ۋەسىيەت

## بايلىق بىلەن كەمبەغەللىكنى تونۇش توغرىسىدا

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەبۇزەر! مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بايلىق دېگەن شۇ دەپ قارامسەن ؟» دېدى . مەن: شۇنداق، ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مال ـ دۇنيانىڭ ئازلىقىنى نامراتلىق دەپ قارامسەن ؟» دېدى . مەن: شۇنداق ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەلب بايلىقى ھەقىقى بايلىق ۋە قەلب نامراتلىقى ھەقىقى نامراتلىق» دېدى .

كىمنىڭ قەلبى باي بولسا، دۇنيادا ئۇچرىغان نەرسىلەر قىلچە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، كىمنىڭ قەلبى نامرات بولسا مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلىگى ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا ئۆز بېخىللىقى زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

## 39 ـ ۋەسىيەت

## الله تائالادىن تەقۋا قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا (بىرەر ئىشنى) تەۋسىيە قىلغىن دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «الله تائالادىن تەقۋا قىلغىن، تەقۋالىق، بارچە ئىشنىڭ بېشى» دېدى . مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! يەنە قوشۇپ قويغىن دېدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمە، ئۇ سەن ئۈچۈن زېمىندا نۇر، ئاسماندا زاپاس بايلىق بولىدۇ

» دېدى .
ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان

## 40 ـ ۋەسىيەت

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇ ئۇمامەتىل باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئوقۇپ تۇرغانلارغا شاپائەت قىلىدۇ، سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئەل ئىمراننىڭ گۈللىنى ئوقۇڭلار، ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىلىرىگە (يەنى ئوقۇپ تۇرغانلارغا) خۇددى ئىككى بۇلۇت ۋە ياكى ئىككى سايە ـ ياكى ئىككى توپ قوش بولۇپ ئۆز ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھۆججەت بولىدۇ ، سۈرە بەقەرنى ئوقۇپ تۇرۇڭلار، ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت ، ئوقۇماي تەرك ئېتىش ھەسرەت، ئۇنى ئوقۇپ تۇرغان كىشىگە سېھرى تەسىر قىلالمايدۇ».
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئابدۇللا ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «قارى قۇرئانغا خۇددى دۇنيادىكى چېغىدا ئوقۇغاندەك قۇرئاننى دانىمۇ ـ دانە ئالدىرىماي ئوقۇ ۋە دەرىجەڭنى ئۆستۈر دېيىلىدۇ ».
تىرمىزى ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان

## 41 ـ ۋەسىيەت

## چىقىم قىلىش يوللىرى توغرىسىدا

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : تەمىم قەبىلىسىدىن بىركىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ : ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن كۆپ مال ـ دۇنيالىق ۋە بالا ـ چاقامىمۇ ، مال ـ مۈلكۈمىمۇ ھازىر نەق بار ئادەممەن، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن چۇ، قانداق چىقىم قىلىمەن؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مال ـ مۈلكىڭنىڭ زاكىتىنى بەرگىن، ئۇ سېنى پاكلايدىغان پاكلىق (سوپۇن)،

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭگە سىلە ـ رەھىم قىل، مىسكىنلەرنىڭ قۇلۇم ـ قوشنىلارنىڭ ۋە (نەرسە ـ كېرەك ) سورىغۇچىلارنىڭ (بېرىشكە تېگىشلىك ) ھەققىنى تۆلىگىن » دېدى .
ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

## 42 ـ ۋەسىيەت

## اللە نىڭ ئىزنى بىلەن غەملەرنى كەتكۈزۈش ۋە قەرزدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئەنسارىلاردىن ئەبۇ ئۇمامە دېيىلىدىغان بىركىشى مەسجىددە ئولتۇراتتى. (ئۇنى كۆرۈپ ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ ئۇمامە ! بۇ ناماز ۋاقتى بولمىسا مەسجىددە ئولتۇرۇپ سەنغۇ ؟» دېدى . ئەبۇ ئۇمامە جاۋاب بېرىپ : مېنى غەم ۋە قەرز بېسىۋالدى، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمە سۆز ئۆگىتىپ قوياي، شۇلارنى ئېيتساڭ اللە تائالا (بارلىق) غەم ئەندىشىلىرىڭنى يوق قىلىدۇ، قەرزلىرىڭنى تۈگىتىدۇ» دېدى . ئۇ كىشى: بولىدۇ ، ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئۆگىتىپ قويغىن دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەتىگەن ـ كەچتە: ئى اللە ساڭا سېغىنىپ غەم ـ قايغۇلاردىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن ، ساڭا سېغىنىپ قەرزلەرنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ئادەملەرنىڭ قەھرى غەزىپىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن » دېدى .
ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

## 43 ـ ۋەسىيەت

ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا

ئەبۇ ئۇمارەتىل بەرائىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پالانى! كۆرپەڭگە جايلاشساڭ : ئى اللە! مەن ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، پۈتۈنلەي ساڭا يۈزلەندىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ساۋابىڭدىن ئۈمۈتلەنگەن ۋە ئازابىڭدىن قورققان ھالدا ساڭا بېغىشلىدىم،

ساڭا قايتىشتىن باشقا پاناھلىنىدىغان ۋە قېچىپ قۇتۇلىدىغان جاي يوق، چۈشۈرگەن كىتابىڭغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم دېگىن ، ئەگەر شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ ئىمان بىلەن كېتىسەن ، ئەگەر (ھايات قالساڭ) ياخشى ئەتتىگەنلىنىسەن » دېدى .

بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى كۆرپىسىگە جايلاشقاندا: اللە دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، ئۇ اللە مەڭگۈ ھاياتتۇر، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر، مەن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن دىسە، ئۇ كىشىنىڭ گۇناھى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك ، دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدەك ، قۇم دانچىلىرىدەك ۋە دۇنيا كۈنلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ».

تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى كۆرپىسىگە جايلاشقاندا: ھەمدە ـ سانا مېنىڭ ھەممە ئىشلىرىمغا كۇپايە قىلغان، ماڭا جاي بەرگەن اللە قا مەنسۇپتۇر. ھەمدە ـ سانا ماڭا تاماق بەرگەن ۋە ئۇسسۇلۇق بەرگەن ۋە ماڭا تولىمۇ ياخشى نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان اللە قا مەنسۇپتۇر دىسە، بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ جىمى ھەمدىسى بىلەن اللە قا ھەمدە ئېيتقان بولىدۇ ».

بەيھەقى رىۋايەت قىلغان

## 44 ـ ۋەسىيەت

## ئۇيقۇسى قاچقان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا توغرىسىدا

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇيقۇسىزلىقتىن شىكايەت قىلسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللە! يۇلتۇزلار تارىدى، كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتتى، سەن بولساڭ ھەمىشە تىرىك تۇرىسەن، ھەممىنى ئىرادە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، سەن مۈگدەپ قالمايسەن، سىنى ئۇيقا باسمايدۇ، ئى ھەمىشە تىرىك زات! ئى ھەممىنى ئىرادە قىلىپ تۇرغۇچى زات! كېچىدە مىنى جىمجىت قىلغىن، كۆزۈمنى ئۇيقۇغا كەتكۈزگىن دېگىن » دېدى .

زەيـد ئىبـنى سـابىت: مـەن شـۇنداق قىلـىۋىدىم الله تائـالا مەنـدىن ئۇيقۇسىزلىقنى كەتكۈزدى، دېدى .
ئىبنى سۈننى رىۋايەت قىلغان

پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدكـە ئۇيقۇسىزلىق بىئارام قىلغاندا مۇنداق دېيىشنى ئۈگۈتۈپ قويغان: «ئى سايە تاشلاپ تۇرغان يەتتە قـات ئاسـماننىڭ، ئـۈز قويـنىغا ئالـدىغان زېمىننىڭ ، (كـىشىلەرنى) ئازدۇردىغـان شـەيتانلارنىڭ پەرۋەردىـگارى ماڭـا، بارلىـق مەخلـۇقاتلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇلاردىن بىرەر سىنىڭ ماڭا يولسىزلۇق قىلىشى ۋە ھەددىدىن ئېشىشىغا قارىتا ئۈزۈڭ باش پاناھ بولغىن، سىنىڭ پاناھلىقىڭ بۈيۈكدۇر ۋە ساڭا (ئېيتىلىدىغان) سانالار ئۇلۇغدۇر».
يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىسمىڭ بۈيۈكتۇر ، سەندىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوقتۇر» دېيىلگەن .
تىرمىزى ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان

## 45 ـ ۋەسىيەت

## ئادەملەرنىڭ ئەۋزىلى توغرىسىدا

ئەبۇسەئىدىل خۇدۇرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : بىر كىشى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئادەملەرنىڭ ئەۋزىلى كىم؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا جېنى بىلەن مېلى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان مۆئمىن مۇجاھىد» دېدى . ئۇ كىشى: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلاردىن ئايرىلىپ تاغ ـ جىلغىلاردا ئۈز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشى» دېدى .
يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله قا تەقۋادارلىق قىلىدىغان ۋە ئادەملەرنى يامانلىقى سەۋەبلىك تەرك ئەتكەن كىشى». دېدى .
شەيخانى رىۋايەت قىلغان

يەنە ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «پات يېقىندا مۇسۇلماننىڭ مېلىنىڭ ياخشى قوي بولۇپ ئۇ ئۈز دىنىنى پىتنە ـ پاساتلاردىن قاچۇرۇپ قويلىرىنى تاغ چوققىلىرىغا ۋە يامغۇرلۇق جايلارغا ئېلىپ كېتىدۇ ».
بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 46 ـ ۋەسىيەت

## ئۆلتۈرۈش سورۇنلىرىنىڭ كاپارىتى توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «كىمكى بىكار گەپ ـ سۆز كۆپ بوپكەتكەن ئورۇندا ئولتۇرۇپ قىلىپ تۇرۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى: ئى الله ساڭا ھەمدە ـ سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە سىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سەندىن باشقا ھەققى مەبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بىرىمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن دىسە ، شۇ سورۇندا سادىر بولغان گۇناھلار كەچۈرىلىدۇ».

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

## 47 ـ ۋەسىيەت

## تەسبىھنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەن ساڭا الله تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرىلىدىغان سۆزنى ئېيتىپ بىرەيمۇ ؟» دېدى . مەن: ئېيتىپ بەرگىن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېسەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا غا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان سۆز، الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ۋە ئۇنىڭغا ھەمد ئېيتىمەن دېگەن سۆزدۇر» دېدى .

مۇسلىم ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، سۆزنىڭ قايسىسى ئەۋزەل دەپ سورالغاندا :«الله تائالا ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە ياكى بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان: الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە سانا ئېيتىمەن، دېگەن سۆز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەزار رىۋايەت قىلغان

ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى الله تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە ـ سانا ئېيتىمەن دىسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما كۆچىتى تىكىلىدۇ» دېگەن .

بەزار رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر ۋە رەھمان تائالاغا سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە سۆز بار: (بىرى) الله تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدە ـ سانا ئېيتىمەن (دېگەن سۆز)، (يەنە بىرى) بۈيۈك الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن دېگەن سۆز». دېدى .

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

## 48 ـ ۋەسىيەت

## سەيدۇل ئىستىغپار توغرىسىدا

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئى الله سەن مېنىڭ رەببىم! سەندىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرىمەن، قىلغان ئەسكىلىكىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ۋە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئى الله مېنى! كەچۈرگىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا كەچۈرىسەن دېگەن ، سەيدۇل ئىستىغفاردۇر ، كىمكى بۇنى چىن ئىشەنچ بىلەن كۈندۈزى دىسە، شۇ كۈنى كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ ، كىمكى كېچىسى چىن ئىشەنچ بىلەن دەپ تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ ».

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 49 ـ ۋەسىيەت

## جەننەتنىڭ كۆچەتلىرى توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ كۆچەت تىكىۋاتقاندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ؛ «ئى ئەبۇھۇرەيرە! تىكىۋاتقىنىڭ نېمە ؟» دېدى . مەن: كۆچەت، دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كۆچەتكە باشلاپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جىمى ھەمدە ـ سانا الله قا مەنسۇپتۇر، الله دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، الله ھەممىدىن بۈيۈكتۇر دېسەڭ ، سەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىرىنىڭ بەدىلىگە جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ» دېدى .

ئىبنى ماجەجەت رىۋايەت قىلغان

## 50 ـ ۋەسىيەت

## چايان چېقىۋېلىشىدىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى، مېنى تۈنۈگۈن كەچ چايان چېقىۋالدى ، دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن كەچتە، الله نىڭ تامامى سۆزلىرى بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگەن بولساڭ، (چايان) ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى» دېدى .

مالىك مۇسلىم ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان

ئۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «كىمكى كەچتە الله نىڭ تامامى سۆزلىرى بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، دىسە، شۇ كېچىسى ھەر قانداق زەھەرلىك ھاشارات زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېيىلگەن . سۇھەيىل مۇنداق دېگەن : بىزنىڭ ئائىلەدىكىلەر ئۇ (دۇئانى) ئۈگەنگەن ۋە ھەر كېچىسى ئوقۇغان ئىدى، ئۇلاردىن بىر دېدەكنى چايان چېقىۋالغان بولسىمۇ بىئاراملىق ھىس قىلمىدى.

### چايان چېقىۋالغۇچىغا سۈرە فاتىھە بىلەن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇلار ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قەبىلىگە چۈشۈپتۇ ، ئۇلار قەبىلە خەلقىدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ،

بۇ قەبىلە خەلقى مېھمان قىلىشقا ئۇنىماپتۇ، كېيىن شۇ قەبىلىنىڭ ئاق ساقىلىنى چايان چېقىۋاپتۇ، قەبىلە خەلقى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ھېچ ئۈنۈمى بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى: ئەگەر ھېلىقى بىر توپ كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باققان بولساڭلار، ئېھتىمال ئۇلاردىن بىرەر مەنپەئەت چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئى قوۋم - قېرىنداشلار بىزنىڭ ئاقساقىلىمىزنى چايان چېقىۋالغان ئىدى، بىز كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولمىدى، بىرەرسىڭلاردا مەنپەئەتلىك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ دېيىشىپتۇ .
ساھابىلەردىن بىرسى: الله بىلەن قەسەمكى مەن دۇئا ئوقۇيمەن، بىراق بىز سىلەردىن مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق، سىلەر ئۇنىمىدىڭلار ، ئەمدى مەن بىرەر نەرسە بەرمىسەڭلار دۇئا ئوقۇمايمەن دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر پادا قويغا كېلىشىپتۇ ، ھېلىقى ساھابە ئاقساقالنىڭ قېشىغا بېرىپ: «الحَمدُ للّهِ رَبِّ العَالَمِينَ» نى ئوقۇپتۇ، ھېلىقى ئاق ساقال ئاغرىقتىن خۇددى ئارغامچا (چىگىكتىن) يېشىلگەندەك يېشىلىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ كېلىشكەن قويلارنى بېرىپتۇ ، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى: قويلارنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار دەپتۇ، ھېلىقى دۇئا ئوقۇغان ساھابە: (ھازىرچە) ئۈلەشتۈرمەڭلار ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتايلى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى دەپتۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى دۇئا قىلغان ساھابە كەرىمگە: «سەن سۈرە پاتىھە نىڭ دۇئا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟» دېدى . ئاندىن كېيىن : «توغرا قىپسىلەر، قويلارنى ئۈلۈشۈڭلار ۋە ماڭىمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا بىر ئۈلۈش بېرىڭلار » دېدى ۋە كۈلۈپ كەتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

## 51 - ۋەسىيەت

## الله نىڭ ئىزنى بىلەن قەرزدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە رىزىقنىڭ كەڭرى بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : قېشىمغا ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ، مەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ماڭا ئۆگىتىپ قويغان بىر دۇئاسىنى ئاڭلىغان ئىدىم،

دېدى . مەن: ئۇ قايسى دۇئا؟ دېسەم ، ئەبۇبەكرى: ئۇ ئەيسا ئىبنى مەريەم ئۆز ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن دۇئا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئەگەر بىرەرسىڭلارنىڭ تاغدەك ئالتۇن قەرزى بولسىمۇ شۇ دۇئانى ئوقۇسا، اللە تائالا ئۇنىڭ قەرزىنى تۆگىتىپ بېرىدۇ» دېگەن .

ئۇ: ئـى غـەم ـ ئەندىـشىلەرنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى ، بىچارە كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئورتاق رەھىم قىلغۇچى اللە! ماڭا سېنىڭ رەھمىتىڭدىن ئۆزگە رەھمەتكە موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە رەھمى قىلغىن، دېگەن دۇئا.

مەن شۇ دۇئا بىلەن اللە تائالاغا دۇئا قىلىۋىدىم، اللە تائالا ماڭا كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن قەرزلىرىم تۆگىدى، دېدى .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى : مەن شۇ دۇئا بىلەن اللە قا دۇئا قىلدىم، ئۇزاق ئۆتمەي اللە تائالا رىزىق ئاتا قىلدى، ئۇ ماڭا بېرىلگەن سەدىقەمۇ ئەمەس ۋە مەن ۋارىسلىق قىلغان مىراسمۇ ئەمەس ئىدى. اللە تائالا مېنىڭ قەرزلىرىمنى تۆگىتىۋەتتى ، ئائىلەمدىكىلەرگە (اللە بەرگەن شۇ رىزىقتىن) خېلى ئوبدان تەقسىملەپ بەردىم، ئابدۇراھماننىڭ قىزىغا كۈمۈشتىن ئۈچ ئۇقى (120 دىرھەم ) ئەۋەتىپ بەردىم، بىزگىمۇ خېلى جىق ئاشتى.

بەزار ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز ! مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتەي قوياي، ئەگەر سېنىڭ تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، اللە تائالا ئۇنى تۆلىۋېتىدۇ ، ئى مۇئاز ! اللە قا دۇئا قىلىپ: ئى اللە! پادىشاھلارنىڭ ـ پادىشاھى سەن ، خالىغان ئادەمنى پادىشاھ قىلىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالىسەن، خالىغان كىشىنى ئەزىز، خالىغان كىشىنى خار قىلىسەن، ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدادۇر، سەن ھەممىگە قادىر. كېچىنى كۈندۈزنىڭ ئىچىگە ۋە كۈندۈزنى كېچىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىسەن ، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىسەن، خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن، ئۇنىڭدىن خالىغان كىشىگە بېرىسەن، خالىغان كىشىگە بەرمەيسەن، ئى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم قىلغۇچى، ماڭا رەھمى قىلىپ سەندىن ئۆزگىلەرنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىدىن مىنى بىھاجەت قىلغىن دېگەن » دېدى .

تىبرانى رىۋايەت قىلغان

52 ـ ۋەسىيەت

# ياخشىلىق يوللىرىغا چىقىم قىلىش توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئىسلام (دىكى ئىشلارنىڭ) قايسىسى ياخشى؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ : «ئاچقا تاماق بېرىش ۋە تونۇغان - تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىش» دېدى .

شەيخانى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «بەندىلەر ئەتتىگەنلىگەن كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: ئى الله! چىقىم قىلغۇچىغا (چىقىم قىلغان نەرسىسىنىڭ ئورنىنى) تولدۇرۇپ بەرگىن دەيدۇ، يەنە بىرى ئى الله! چىقىم قىلماي تۇتۇۋالغۇچىغا ھالاكەت بەرگىن دەيدۇ».

بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «پەقەت مۇنداق ئىككى ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ . بىرى الله تائالا مال - دۇنيا بەرگەن ئاندىن شۇ مال - دۇنيانى ھەق يولغا سەرپ ئەتكەن. يەنە بىرى، الله ئىلىم - ھېكمەت بەرگەن ئاندىن شۇ ئىلىم - ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئادەم».

بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قايسى بىرىڭلارغا ئۆز مال - مۈلكىدىن ۋارىسلىرىنىڭ مال - مۈلكى سۆيۈملۈكراق ؟» دېدى . ساھابىلەر: بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەقەت ئۆز مال - مۈلكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بار دېيىشتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلگىرىكىسى (يەنى: ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ ئەتكەن مال - مۈلكى ) ئۆزىنىڭ مۈلكى، (چىقىم قىلماي) قالدۇرۇپ قويغىنى ۋارىسلىرىنىڭ مال - مۈلكى» دېدى .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار».
بىرلىككە كەلگەن ھەدىس .

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «اللە تائالا : ئى ئادەم بالىسى! چىقىم قىل، ساڭىمۇ چىقىم قىلىنىدۇ ». دېدى .
بىرلىككە كەلگەن ھەدىس .

## 53 ـ ۋەسىيەت

## ئەتتىگەنلىسەڭ ، كەچلىسەڭ ۋە ئۇيۇڭدىن چىقساڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭ توغرىسىدا

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! مېنى ئەتتىگەنلىسەم ۋە كەچلىسەم دەيدىغان بىر قانچە كەلىمىگە بۇيرۇغىن ، دېدى .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللە! سەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى سەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلگۈچى سەن، سەندىن باشقا ھەقىقى مەئبۇدنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن. ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ ۋە شەيتاننىڭ شەررىدىن ۋە شېرىكتىن پاناھ تىلەيمەن، دېگەن كەلىمىنى ئەتتىگەنلىسەڭ ، كەچلىسەڭ ۋە يەرلەنسەڭ دېگىن » دېدى .
ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئۇممۇل مۇئمىنىن ، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن چىقسا مۇنداق دەيدىكەن: «اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ اللە قا تەۋەككۇل قىلىمەن، ئى اللە ساڭا سېغىنىپ ئېزىپ كېتىشتىن ، ئازدۇرلۇپ كېتىشتىن ، تايدۇرلۇپ كېتىشتىن ، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، بىلمەسلىكتىن ياكى بىلمەي قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن».
ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى :

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئۆيدىن چىققاندا الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، الله قا تەۋەككۇل قىلىمەن، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدار پەقەت الله بىلەندۇر دىسە. ئۇنىڭغا: ھىدايەت قىلىندىڭ، كۇپايىلەندىڭ، ساقلاندىڭ، دېيىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن شەيتان يىراق بولىدۇ» دېدى.

ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاگە مۇنداق دېگەن: «سىنى مەن تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى ئاڭلاشتىن نېمە توسىدۇ؟ ئەتىتگەنلىسەڭ ۋە كەچلىسەڭ: ئى مەڭگۇ ھايات تۇرغۇچى، ئى ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى الله! سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن مەدەت تىلەيمەن، ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىق بولسىمۇ ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈمگە ۋەكىل قىلما دېگىن».

نەسەئى ۋە بەزار رىۋايەت قىلغان

## 54 ـ ۋەسىيەت

## ئەمەل تۇتۇشنى سورىماسلىق توغرىسىدا

ئەبى سەئىد ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە، ئەمەل تۇتۇشنى سورىما، ئەگەر سەن سورىمايلا ئەمەلگە ئېرىشسەڭ ياردەم بېرىلىسەن، ئەگەر سوراپ ئېرىشسەڭ شۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنىسەن، ئەگەر سەن بىرەر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى كۆرسەڭ، قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىپ شۇ ياخشى ئىشنى قىلغىن» دېدى.

شەيخانى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ماڭا ھوقۇق بېرىپ ئىشلەتمەمسەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى ئەبۇزەر! سەن ئاجىز، ئەمەل ـ ھوقۇق بولسا ئامانەتتۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى جايىدا ئادا قىلالمىغانلارغا ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھوقۇق تۇتۇشقا قىزىقۋاتامسىلەر ؟ ھوقۇق قىيامەت كۈنى پۇشايمانغا سالىدۇ» دېدى .

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «اللہ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئىككى سىردىشى بولىدۇ ، بىرى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ، يەنە بىرى يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۈندەيدۇ، اللہ ساقلىغان كىشى يامان ئىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ».

بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ تائالا بىرەر ئەمىرگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇنىڭغا، ئۇنتۇپ قالسا ئېسىگە سېلىپ قويىدىغان، بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ھەمدەمدە بولىدىغان راستچىل ۋەزىردىن بىرنى ياردەمچى قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ غەيرىنى (يەنى يامانلىقنى) ئىرادە قىلسا ، ئۇنتۇپ قالسا ئەسلەتمەيدىغان ، ئىش قىلماقچى بولسا ياردەملەشمەيدىغان ئەسكى ۋەزىردىن بىرنى ياردەمچى قىلىپ قويىدۇ» دېدى .

ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان

## 55 ـ ۋەسىيەت

## ھويلا ـ ئارام لاردا ناماز ئوقۇيدىغان جاي تەييار قىلىش توغرىسىدا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ھويلا ـ ئارام لاردا ناماز ئوقۇيدىغان جاي تەييار قىلىشقا ۋە ئۇ جاينى پاكىز ، خۇشپۇراق تۇتۇشقا بۇيرۇدى».

ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ھوي ـ ئارام لىرىمىزدا ناماز

ئوقۇيدىغان جاي تەييار قىلىشقا ۋە ئۇ جاينى پاكىزلاشقا بۇيرۇدى».
ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان

ۋەسىيەتلەرنىڭ ئاخىرقىسى

مەن بۇ ئۇلۇغ ۋەسىيەتلەرنى ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبىرىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە قىلغان ۋەسىيەتلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرمەن :

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ مۇنداق دېدى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىسرا كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇچراتتىم، ئۇ ماڭا: ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭگە مەندىن سالام ئېيت ۋە ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويغىنكى : جەننەتنىڭ تۇپرىقى خۇشپۇراق ، سۇيى تاتلىق، جەننەت بىر باياۋاندۇركى ، ئۇنىڭ كۆچەتلىرى: الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، پۈتۈن گۈزەل ھەمدە ـ سانالار الله قا مەنسۇپتۇر، الله دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، الله ئەڭ بۈيۈكتۇر، دېگەن كەلىمەلەردۇر دېدى ». دېگەن
تىرمىزى ۋە تىبرانى رىۋايەت قىلغان

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدار پەقەت الله بىلەندۇر» دېگەن كەلىمە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان.

الله نىڭ رەھمىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە بولسۇن، شۇنىڭدەك الله نىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگىمۇ تىنچ ـ ئامانلىق يار بولسۇن، پۈتۈن گۈزەل ھەمدە ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا مەنسۇپتۇر.

## 10 ـ تۆرتىنچى ۋەسىيەت

1 ـ ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن ئوقۇش ئاسان بولغانلىرىنى ئوقۇغىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپلەپ دۇرۇت ئېيت.
2 ـ بەش ۋاخ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا، كېچىلىرى نەپلە ناماز ئوقۇشقا ۋە ئىككى رەكئەت بولسىمۇ چاشكا نامىزى ئوقۇشقا ئەھمىيەت

بەرگىن.

3 - ساڭا پەرز قىلىنغان زاكاتنى تولۇق ئادا قىل، ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ تۇرغىن، ئەگەر سەدىقە قىلغۇدەك نەرسەڭ بولمىسا ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىل. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن.

4 - الله ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن بولۇشنى خالامسەن؟ ئۇنداق بولسا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىنى سۆيگىن ۋە ئاتا - ئاناڭغا ياخشىلىق قىل.

5 - ئى پەرۋەردىگارىم! ئى پەرۋەردىگارىم دىسە، الله تائالا : ‹‹مانا مەن بەندەم، قېنى سورا بېرىلىسەن دەيدىغانلاردىن بولۇشنى خالامسەن، ئۇنداق بولسا يېمەكلىكىڭنى ھالالدىن يە، دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئادەملەرگە چىن كۆڭلۈڭدىن ئىنسابلىق بول، ئادەملەردە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرگىن .

6 - دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى نام - ئەمەل سەھىپىلىرى نۇرلىنىپ تۇرىدىغانلاردىن بولۇشنى خالامسەن؟ ئۇنداق بولسا دىلىڭنى پاكلا ، «الله دىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق» دېگەن كەلىمىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن، مۆئمىن ئەر، مۆئمىن ئاياللار ئۈچۈن الله دىن كەچۈرۈم تىلە، الله نىڭ زىكرىدىن غاپىل بولما.

7 - ھەمدە ئېيتقۇچىلاردىن ، شۈكرى ئېيتقۇچىلاردىن ۋە مۇقەررەبلەردىن بولۇشنى خالامسەن؟ ئۇنداق بولسا، پۈتۈن گۈزەل مەدھىيەلەر الله قا مەنسۇپ ۋە تىنچ - ئامانلىق الله نىڭ سەرخىل بەندىلىرىگە بولسۇن، دېگەن كەلىمىنى كۆپ ئېيت .

8 - شۈكرى ئېيتقۇچىلاردىن بولۇشنى ۋە الله تائالانىڭ پەرزەنتلىرىڭنى ئىسلاھ قىلىشنى خالامسەن؟ ئۇنداق بولسا تۆۋەندىكى شۈكرى ئايىتىنى ئوقۇپ تۇرغىن: «پەرۋەردىگارىم!سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا _ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا،سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن،رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن» ۋە «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار دىندۇرمەن ».

9 - مەن سىنى دىنى ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىڭنى جەملەپ بېرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويسام قانداق؟ ئۇنداق بولسا الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئەمرىگە كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلغىن: «ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشڭلار

ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى(يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلەر - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار».

10 - سىنى ھەرقانداق شەيئىنىڭ دەل يۈرىكىگە باشلاپ قويىشمنى خالامسەن،ئۇ «اللہ قا ئىشەندىم دېگەن ئاندىن توغرا يول ئۈستىدە بول» دېگەن ئايەت كەرىمدۇر. ،

http://nurislam.cn